
ئەخمەت ئىگەمبەردى - نىجادى

# ھىجران دەردى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى



شائىر ئىجادىيەت ئۈستىدە

ئەخمەت ئىگەمبەردى ـ نىجادى

# ھىجران دەردى

(تاللانغان شېئىرلار توپلىمى)

(1953 - 2004 - يىللار)

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

هىجران دەردى
ئەخمەت ئىگەمبەردى

تەھرىرى: پروفېسسور، دوكتور
سۇلتان ماخمۇت قەشقىرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى
2006 - يىل 1 - ئاي ئىستانبۇل

Baskı - Cilt : Bayrak Mat.Ltd.Şti
K.Ayasofya Cd.Yabacı Sk.2/1
638 42 02 S.Ahmet-İst
Ocak 2006

İrtibat Adresi: Yenidoğan Mah. 41. Sok. No: 7 D: 4
Zeytinburnu / İstanbul
0212 679 86 88 - 0532 414 40 55

بۇ كىتابىمنى مەرھۇم دادام — ئىگەمبەردى ھۆشۇر غوجا ئوغلى بىلەن مەرھۇمە ئانام — بى بى رابىيە قاسىم قىزىنىڭ ئۇنتۇلماس خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن.

— مۇئەللىپتىن

پۈنۈ كىتابلىرىمىز
www.uygurlar.net
توربېتىدە ئېلان قىلىنىدۇ

## مۇندەرىجە

مۇئەللىپتىن ........................ 13
«ھىجران دەردى» ناملىق شېئىرلار ھەققىدە ..... 17
ھىجران كۆيچىسى ........................ 27
ئىنقىلابچى، داھى ۋە شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى 33

ئالدانغان ئۈمىد (1953- 1957 - يىللار) ...... 1

كۆز ........................ 3
ئۈزنتىش ........................ 5
قىش ........................ 8
گۈلچى قىز ........................ 11

ۋەتەن ئىشقىدا (1957 - 1961 - يىللار) ........ 13

... يوللار، يوللار ........................ 15
تۇرنىلار ئۇچقاندا ........................ 16
دوستۇمغا ........................ 18
سېغىنغاندا ........................ 19
گۈل ئەمەس ئۇ ساڭا بەرگىنىم ........................ 21
ئۇنۇتما! ........................ 22
ئاباي كوچىسىدا ........................ 23
يېنىڭغا ئۇچسام ........................ 25
ۋەتەن مۇھەببىتى ........................ 26
پاختا تەردىم ........................ 28
باھارغا ........................ 30

يامغۇر ياققاندا ........................ 31
ناخشا تېكىستلىرى ........................ 33
1- خامان ناخشىسى ........................ 33
2- باغۋەن قىز قوشىقى ........................ 34
3 - چوپان يارىم ........................ 35
موسكۋا يولىدا ........................ 36
كېچىدە ........................ 37
ئازوۋ دېڭىزىدا (دوستۇم دولقۇن ياسىنغا
... غا ........................ 39
دوختۇر ساڭا داۋا تاپماسمۇ؟ ........................ 40
ئالدامچىنغا ........................ 42
باھار يامغۇرى ........................ 44
ۋەتەن ........................ 45
دوستلار مېنىڭ ئىككى ئانام بار ........................ 48
كرېمىل يۇلتۇزى ........................ 50
ھۇسەنگە ........................ 52
پوچتالىئونغا ........................ 53
تامچە ياش ........................ 54
كەتتىڭ ........................ 55
رەسۇل گامزاتوپتىن ........................ 56
سېغىنىش ........................ 57
ھىجران ياغلىقى ........................ 58
ساگۇغا ........................ 59
قاشلىرىڭ ........................ 60

چىغىر يوللار (1961 - 1964 - يىللار) ........ 61

كۆن سوغ ئىدى ........................ 63
كۆن پاتتى ........................ 64
سىڭنىڭ ئىزلىرى ........................ 65
قار ئىشقى ........................ 66
بىر تال ياپراق ........................ 67
ئۆرۈمچى ھەققىدە ناخشا ........................ 68
ياپراق ........................ 69
كۆردۈم ........................ 70
كۆرۈنۈر ........................ 71
مۇھەببەت ........................ 73

ۋىسال ئارزۇلىرى (1964 - 1969 - يىللار) ........ 75

ئايرىلىش ........................ 77
يىگانە قۇش ........................ 78
مېنىڭ يۇلتۇزۇم ........................ 79
ساباغا ........................ 80
كەچكۈزدە ........................ 81
ئىلتىجا ........................ 82
ئاي نۇرى ........................ 84
ياغلىقىڭ ........................ 86
دىلدار غەنىمەت ........................ 87
گۈلۈمگە ........................ 89

زىنداندىن سادالار (1969 — 1979 - يىللار) .. 91

ئىرادە ........................ 93

قارىغاي ........................................ 94
غېرىبىگمەن ........................................ 95
ياخشىلىق كۆرمىدىم ................................ 96
باغۋەنگە ........................................ 97
مۇھەببەتنامە ........................................ 98
ئويغان (مۇخەممەس) ................................ 100
ئانامغا ........................................ 103
نېتەي ........................................ 104
قېنى ........................................ 105
باھاردا ........................................ 106
قىزىل گۈل ........................................ 107
بىر كۈنى (يولداش توختى قۇربانغا بېغىشلايمەن) 108
نازۇكىنىڭ ۋىداسى ................................ 109
مەختۇمسۇلاغا ........................................ 112
ئۇيغۇر قىزى ........................................ 114
غەلەت ........................................ 118
باي يولىدا ........................................ 122
ھايات ھەققىدە ئويلار ................................ 125
ھايات ۋە ئۆلۈم (ل. مۇتەللىپكە) ..................... 127
ئۆزەمگە ........................................ 128
... گە ........................................ 129
قانلىق خەتلەر ........................................ 131
تۆمۈر روجەك كەينىدە (ۋەتەندىشىم
سۈيۈنگۈلگە بېغىشلايمەن) ............................ 132
تەگرى بۈركۈتى ........................................ 133
ئېلىمسەن... ........................................ 136
بايرام ئەرەپىسىدە... (دوستۇم مۇرات ھەمرايۇپقا) . 140

پىشقەدەم جەڭچىنىڭ ئوغلىغا ۋەسىيىتى ........ 141
تۇن قوينىدا... .................. 149
تۇنجى سۆيگۈ .................. 152
قىش خاتىرىسى .................. 154
مەھبۇس .................. 157
قەشقەر قىزى .................. 159
چىن بەخت .................. 169
مەھبۇس ئايالى .................. 163
باياندايى جېگگى (داستان) .................. 166
ماناس بويىدا .................. 171
بۇلبۇلغا .................. 174
بۇلبۇل ۋە گۈل .................. 175
سابا يەتكۈز سالامىمنى .................. 176
چولپانغا .................. 177
ھىجران زارى .................. 179
دۇلقۇنغا .................. 180
ناخشىلار... .................. 183
تورغاي ناخشىسى .................. 184
ئايدۆڭ ناخشىسى .................. 185
دىلبەرگە .................. 187
كەلدىم .................. 189
پەرھاتقا .................. 190
گۈلگە .................. 192
ئون يەتتە يېشىمدا (بىر ئوقۇغۇچى قىز ئاغزىدىن) 194
بادام ۋە شامال .................. 195
بەنجاڭ .................. 197
قارا ساچىڭ .................. 199

سەپدىشىم تۇرغان داراغا .................. 200
ئەمدى .................................. 202
ۋىسال ئارزۇسى ......................... 203
رۇبائىيلار ............................... 204
ھۇسەنگە(2) ............................ 206
سۇمرۇغقا ................................ 208
نە ئۈچۈن؟ ............................. 210
تۇرمىدە چۈش كۆرۈپ ................... 211
گۇڭئەنىڭ تۇرمىسى ..................... 213
قانداق قىلاي بەختىم قارا ............. 215
دوستلۇق گۈلى (يولداش ئا. ھەسەنگە) ........ 217
شەپقەتكە (ئوغلۇم شەپقەتنىڭ بىر ياشقا
كىرگەنلىكىنى قۇتلاپ) ................. 218

چەتئەللەردە (1985 - 2004 - يىللار) ............ 221

تاڭ چېغى ............................. 223
ئۈرۈك يېگەندە..... ..................... 224
بوغدىغا مۇھەببەت ..................... 225
بىر سىقىم تۇپراق ...................... 226
كۆل بويىدا ............................ 228
ئۆزبېكىستانغا سالام ................... 231
ئۇيغۇر قىزىغا ......................... 233
ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ............ 234
ئۇلۇغ باشلىنىش ....................... 236
جەھەننەم تۇغلىرى يانسۇن ............. 238

چەتئەللەردە ........................................ 239
تەشۋىش ........................................ 240
شەپقەتكە (ئوغلۇمنىڭ 17 ياشقا
كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەپ) ........................ 241
زەكىيگە (زەكىي 14 ياشقا توشتى) ................ 242
ئۇچقۇن ........................................ 243
مەرسىيە (دىلبىرىم سامساقۇۋاغا بېغىشلايمەن) .. 244
دولقۇنغا (شائىر تەۋەللۇدىنىڭ
65 يىللىقىغا بېغىشلايمەن) ...................... 246
ۋەتەن ھەققىدە رۇبائىيلار ........................ 248
ئانا مېھرى (كىچىككىنە ھېكمەت) ................ 249
ۋاپادار قالغاچ (داستان) ........................ 255

# مۇئەللىپتىن

مۆھتەرەم كىتابخان!

ئۈرۈمچى 2 - دارىلمۇئەللىمىننىڭ «5 - » سىنىپىدا ئوقۇپ، شېئىرىيەتكە مەپتۇن بولۇپ، قولغا قەلەم ئېلىپ، سىنىپىنىڭ تام گېزىتلىرىگە 1 - شېئىرنى يازغان ۋاقتىمدىن ھېساپلىسام 50 يىلدىن ئوشۇقراق ۋاقىت ئۆتۈپتۇ.

بۇ يېرىم ئەسىرلىك ئۆمۈر ھاياتلىق دۇنياسى ئۈچۈن بىر نەپەسكە ئەرزىمىسىمۇ، ئىنسانلار ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەختىگە قارشى، 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرى دىكتاتور ستالىن بىلەن جاللات ماۋزېدۇڭلار ئوتتۇرىسىدىكى يەڭ ئىچىدە قىلىنغان سۇيىقەستلىك «سىياسىي سودا» نىڭ كاساپىتى بىلەن يۈز مىڭلىغان قۇربانلارنى بېرىش بەدىلىگە كەلگەن ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئۆزىمىزنىڭ ئالدانغانلىقىمىزدىن كۆز ئالدىمىزدا سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك غايىپ بولدى... نەتىجىدە پۈتۈن تەقدىرىمىز ھەم ئىستىقبالىمىز، ئەجدادلىرىمىز ھەم بىزنىڭ تارىخىي دۈشمىنىمىز بولغان بېيجىڭلىق كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قولىدا قېلىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئەلمىساقتىن تارتىپ كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان مىللىي زۇلۇم، خورلۇق، ئازاپ، دەرت - ئەلەملەر نەتىجىسىدە ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىدە ھوقۇقسىز قۇللارغا ئايلاندى. ئاتا - ئانىمىزنىڭ چىرىقىنى ئۆچۈرمەيمىز، دەپ ئۆز يېزىلىرىدىن سىرتقا چىقمايدىغان ئۇيغۇرلار بۈگۈن زامانىنىڭ زورلۇقى بىلەن تەڭرى ئاتاقىلغان شۇنچە كەڭ ۋەتىنىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ھايات تەقەززاسى بىلەن دۇنيانىڭ

ئانداق شەرائىتلار ئاستىدا بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر، ب
ئامال قىلىپ يېزىشقا تۇتۇندۇم، لېكىن كۆپ يازالمىدىم.

بۇ توپلامدىكى تۈرمىدىن سىرتتا يازغان شېئىرلار زامانىنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ، ئۇزۇن يىللاپ يەر ئاستىلىرى كۆمۈلۈپ ياتتى. تۈرمىدە ياتقان دەۋرلىرىمدە قەلەم تۇتۇش جىنايەت ئۈستىگە جىنايەت ھېساپلاندى. لېكىن بىر ئىنساننىڭ ۋەتەن - خەلقىگە بولغان سۆيگۈ - ساداقىتىنى ھېچقانداق بىر قارا كۈچ ھەر قانداق ماكان، ھەر قانداق زاماندا بولمىسۇن تۇسالمايدۇ! 10 يىللىق تۈرمە ھاياتىمدا ئازراقلا شارائىت بولىدىكەن، كىچىككىنە قاراڭغۇ كامېرىدا كۈندە 3 - 4 سائەت ئايلىنىپ، چۆگىلەپ ماڭغىنىمدا ۋەتەن - خەلقىمنىڭ دەرت - ئەلەم، ئازاپ - قايغۇ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بىر سۆز، بىر جۈملە قىلىپ كۆڭۈل دەپتەرلىرىمگە يازاتتىم - دە، ئۇنى مىڭەمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا خاتىرە قىلىپ ساقلايتتىم. يازغانلىرىمنى كۈندە باشتىن - ئاخىر يادىلاپ، يانا يېزىپ، يانا يادىلاپ، ئاخىرى تۈرمىدىن 2000 مىسرالىق زىندان شېئىرلىرىمنى ئېلىپ چىقالىدىم. قاتتىق ئېچىنىدىغىنىم، «تارىمدىن خەت» ناملىق داستانىمنى تۈرمە دائىرىلىرى مۇسادىرە قىلىپ يوقاتتى.

بەختكە يارىشا، زىندان شېئىرلىرىم 1998 - يىلى تۈركىيە ئىستانبۇلدا «زىنداندىن ياڭرىغان ئۈتلۈق سادالار» نامى بىلەن «تەكلىمان ئۇيغۇر نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

قولىڭىزدىكى بۇ توپلامغا مېنىڭ 1953 - يىلىدىن بۇيان يازغان شېئىرى ئەسەرلىرىمنىڭ تاللانمىلىرى كىرگۈزۈلدى.

ھەر قايسى جايلىرىغا تېرىقتەك چېچىلىپ، ئېگىسىز مۇساپىرچىلىققا دۇچار بولۇپ، ۋەتەن غېمى، مىللەت دەردىدە ھەسرەت چېكىپ، سۆيۈملۈك ۋەتەن ئىشقىدا يىغلاپ - كۆيۈپ، تۈگىمەس ھىجران دەردىنى تارتىۋاتىدۇ...

مەنمۇ ئۇيغۇر ئاتلىق جاپاكەش مىللەتنىڭ بىر پەرزەنتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سۆيۈملۈك ۋەتىنىم شەرقى تۈركىستان ۋە مىللىتىمىزنىڭ پېشانىسىغا قادالغان بۇ قارا تەقدىر، زۇلمى مەينەتتىن خالىي ياشىشىم مۇمكىنمۇ؟ - ياق!-، ئەلۋەتتە.

پاك قەلبىمگە ئاللاھ سالغان ۋەتەن سۆيگۈسى، مىللەت ئىشقى خەلقىم بىلەن مېنىمۇ ھەرخىل كويلارغا سېلىپ، ھەر خىل تەقدىرى قىسمەتلەرگە گىرىپتار قىلدى. باشقىلار قاتارىدا مېنىڭمۇ ھايات يولۇم مۇشكۈل ھەم جاپالىق بولدى...

مەن ئۆزۈمچە 60 - يىللارنىڭ بېشىدىلا ھەرخىل نامىلار بىلەن سۈرگۈن قىلىنىپ، ماناس، قومۇل، داۋانچىڭلارنىڭ يېزا - سەھرا، چۆل - جەزىرىلىرىدە ھاياتىم بىر مەزگىل قاتتىق ئىسكەنجىدە ئۆتكەن بولسا، كېيىن تۈرمىلەرگە بەنت قىلىنىپ، «قول يېتىم يەر ئارىسى» دا 10 - يىلدىن ئۇشۇق ملتىم، يېقىنلىرىمنىڭ دىدارىغا زار بولدۇم ۋە بۇ ئارىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۈزۈلۈپ تاشلىنىپ، يېقىن ئادەملىرىم، قىممەتلىك نەرسىلىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.

بىۋاپا پەلەك ئاخىرى مېنى سۆيۈملۈك ۋەتىنىمدىنمۇ ئايرىدى. مانا 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئاۋىستىرالىيەدە مۇساپىر بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتىمەن.

لېكىن قەلبىمدىكى ۋەتەن - خەلقىم ھەققىدىكى ئىشقى - مۇھەببەت يۈرەك يارىلىرىمغا مەلھەم بولۇپ، مېنى ۋەتەن، خەلقىم ھەققىدە يېزىشقا ئۈندىدى. مەن قاچان، قەيەردە،

# ئاتاقلىق شائىرىمىز ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ «ھىجران دەردى» ناملىق شېئىر ۋە داستانلار كىتابى ھەققىدە بىر - ئىككى ئېغىز سۆز

پروفېسسور، دوكتور سۇلتان ماخمۇت كاشغەرى

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەۋلادى، ئاتاقلىق سىياسىيون، كۆزگە كۆرۈنگەن ژورنالىست ۋە مەشھۇر شائىرىمىز ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ «ھىجران دەردى» ناملىق يېڭى نەشر قىلىنغان شېئىرلار، داستانلار توپلىمى كىتابى مانا بۇگۈن خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

پىشقەدەم شائىرىمىز خەلقىمىزگە بېغىشلىغان بۇ قىممەتلىك مەنىۋى سوۋغىسى بىلەن بىزنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى. بىزگە ھاياجان ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شائىرىمىزنى چىن قەلبىمىزدىن تەبرىكلەيمىز.

شائىرىمىزنىڭ 1953 - يىلىدىن 2004 - يىلىغا قەدەر يازغان بىر قىسىم مۇھىم شېئىر ۋە داستانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كىتابى 2005 - يىلى 6 - ئايدا قازاقىستاننىڭ ئالمۇتادىكى «تاش مىر - بىزنىڭ دۇنيا» نەشرىياتى تەرىپىدىن ئامېرىكىدىكى خەلقئارا پەن - مائارىپ، سەنئەت، سانائەت ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى «نوبېل مۇكاپاتىغا 100 يىل» ئالتۇن مېدالىيەسىنىڭ ساھىبى ئاتاقلىق شائىرىمىز، مەرھۇم دولقۇن ياسىننىڭ مۇھەررىرلىكى ئاستىدا كىرىل ھەرپلىرى

بۇ كىتابقا مىللىتىمىزنىڭ تارتىۋاتقان ئازاپ ـ قايغۇ، ئەلەم ـ ھەسرەت، ئاھۇ پىغان دەرتلىك ھىجرانلىرى ئاساسى مەزمۇن بولۇپ كىردى. شۇڭا، قولىڭىزدىكى مەزكۇر كىتابىمغا «ھىجران دەردى» دەپ ئات قويغىنىم شۇ بائىستىندۇر.

بىزنىڭ ئارزۇ ئارمان، تەسەۋۋۇرلىرىمىزدىن مۇستەسنا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز، بىزمۇ ئۇيلىنىپ باقمىغان دەھشەتلىك جاھالەتلىك دەۋرلەرنى بېشىمىزدىن كەچۈرمەكتىمىز. بۇ بىر ھەقىقەت. ئەمدى ئۆز نۆۋىتىدە، بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن سىرت، يانا بۇ زۇلۇم ـ سىتەم، قايغۇ ـ ئازاپلىق كۈنلەرگە خاتىمە بېرىلىپ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىز ـ شەرقي تۈركىستاندا سائادەت تاڭلىرىنىڭ پارلىشىغا قەتئى ئىشەنىمىز. دۇنيانىڭ ئىگىسى بار... ھايتلىق دۇنياسى ـ ئۈمىد ـ ئىشەنچىنىڭ تۈگىمەس كانىدۇر. ھىجرانىمىڭ چوقۇم ۋىسالى بولىدۇ.

ئىنشا ئاللاھ غالىپ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ يات يېقىندا «ۋىسال كىتابى»نى ئەڭ گۈزەل بەختىنۇ ئىقبال غەزەللىرى ھەم خوشاللىق تەنتەنە ـ مەدھىيە قەسىدىلىرى بىلەن تولدۇرۇپ چىقىشىغا ئىشەنچىم كامىل.

ئاخىردا كىتابنى چىقىرىشقا خىزمىتى تەككەن ۋە نەشىر قىلىشقا مادىدى ياردەمدە بولغان بارلىق يولداشلارغا ئالاھىدە رەھمەتلىرىمنى ئىزھار قىلىمەن.

ۋەتىنىم ئىشقىدا يانغان بىر شاممەن،
جىسمىدا جۇش ئۇرغان بىر تامچە قانمەن.
خىزمىتىم تەگدىمۇ، بىلمەيمەن لېكىن،
ۋەتەننىڭ گاداسى ـ بىر خەستە جانمەن.

ھۆرمەت بىلەن: ئەخمەت ئىگەمبەردى ـ نىجادى
2004 ـ يىلى 15 ـ ماي
لىۋېرپول ـ سىيدنىي ـ ئاۋستىراليە

ۋەتـەنىنىڭ ئـازاتلىقى ئۈچـۈن كـۈرەش قىلىشـنى ئۆزىنىـڭ ۋىجدانى بۇرچى دەپ بىلگەن ئەخمەت ئىگەمبەردى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىنىـڭ زىندانلىرىـدا ئـون يىلـلاپ ياتتى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازالاش لاگىرلىرىدا يىلـلاپ ئازاپ - ئۇقۇبـەت كـۆردى ۋە 80 - يىللارنىـڭ ئىككىنچـى يېرىمىدا سۆيۈملۈك ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ يىراق ئاۋۇستىرالىيەگە چىقىپ كېتىپ يەرلىشىپ قالدى ۋە ئۇ يەرگە چىقىپ يەرلەشكەندىن كېيىن، خاتىرجەم ھاياتقا مەست بولۇپ ياشماستىن، يەنىلا شەرقىي تۈركىسـتان خـەلقىنىڭ ئـازاتلىقى ۋە ھـۆرلىكى يولىدىكى كۈرەشنى توختاتماي داۋام قىلدۇردى ۋە بـۇنىڭ جـانلىق بايراقدارلىرىـدىن بـىرى بولـۇپ قالدى.

شـائىرىمىز ئۆزىنىـڭ ئانـا ۋەتىنىـى شـەرقىي تۈركىستانىنى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بىر مىنۇتمۇ يادىدىن چىقىرىپ قويمىدى، ئۇلتۇرسا - قوپسا ئانا ۋەتىنى ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىنى چۈشەندى، يۈرىكى ئۇنىڭ ئىشقى - پىراقىدا ياندى.

«ھىجـران دەردى» شـائىرىمىز ئەخمـەت ئىگـەمبەردى - نىجادىنىـڭ ئەنـە شـۇ روھـي سەزگۈەزشتىلىرىنىڭ بەدىئى ئىنكاسى ۋە ئوبرازلىق ئىپادىسىدۇر.

ئـۇنىڭ 1957 - يىلـى 25 - ئاۋغۇسـتتا ۋەتەنـدىن ئـايرىلىپ تاشـكەنتكە ئوقۇشـقا كېتىـۋىتىپ قازاقىسـتاننىڭ يەركـەنت شـەھرىدە يازغان «يوللار، يوللار» شېئىرىدا ۋەتەنگە بولغان

ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلغان ئىدى. بۈگۈن بۇ كىتاپ «ھىجران دەردى» ماۋزۇسى ئاستىدا ھازىر شەرقىي تۈركىستان خەلقى قوللىنىۋاتقان ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن نەشىر قىلىندى.

شېئىر شائىرنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ، قىسمەتلىرىنىڭ، كۈچلۈك ساداسى ۋە ئۆزلىگىدىن ئېقىپ چىققان كۈچلۈك ھېس - تۇيغۇلارنىڭ جانلىق مۇزىكىسى ھەمدە تەرجىمىھالى.

پېشىقەدەم شائىرىمىزنىڭ ھاياتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىڭلىغان ۋە ئون مىڭلىغان ئىنقىلابىي مۇنەۋۋەرلىرى دۇچ كەلگەن پاجىئەلىك ھاياتىنىڭ بىر تىپىك ئۈلگىسى.

خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ ئالغان 55 يىلدىن بىرى خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلمەتلىك پاجىئەلىك تەقدىرى كۆپلىگەن مىللىي مۇنەۋۋەرلىرىمىزنىڭ ۋەتەن ئازاتلىقى يولىدا شەھىد بولۇشىغا، يۈز مىڭلاپ قەھرىمان شەرقىي تۈركىستان ئەۋلادلىرىنىڭ، خىتاي زىندانلىرىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىدا جەھەننەم ئازابىغا دۇچار بولۇشىغا، مىڭلىغان ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ كېيىنكى ئىككى خىلىنى ئەخمەت ئىگەمبەردى ھەم بېشىدىن كەچۈردى.

سىياسى تەقدىرىگە، ئالاقىدار سىياسى لىرىك شېئىرلار يېزىشنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويىدى.

شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ «ھىجران دەردى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈركۈم شېئىرلار شائىرنىڭ 70 - يىللاردا كوممۇنىست خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قاراڭغۇ زىندان ۋە تۈرمىلىرىدە يازغان شېئىرلىرىدىن ئىبارەت. شائىر ئۆزىنىڭ تۈرمىلەردە تارتقان جىسمانى ۋە روھىي ئازابلىرىنى، ئارزۇ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق مىڭلىغان ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ ئازاتلىق، ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلاشتىن ئىبارەت كۈرىشىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ شېئىرلاردا روھىي چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە چىدام - غەيرەت ۋە كۈچلۈك ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇلىرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ.

شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ زىندانلىرىغا تاشلانغان ئانا ۋەتىنىنىڭ ماۋى ئاسمانلىرىنى، ئۇنىڭ دەشت، داللىرىنى، شەھەر - يېزىلىرىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قىلىنغان چاغلاردا «ھىجران دەردى» ناملىق شېئىرىنى يېزىپ ئۆزىنىڭ ئازاتلىق، ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقىنى ئىپادىلىدى.

شائىر:

ئۆتەر يىللار گۈلۈم يىراقتا،
غۇنچىلىرىم تۆكەر دەرت - پىغان.

مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈك ئىدىيىسىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

شائىر بۇ شېئىرلىرىدا مۇنداق مىسرالارنى تىزىدۇ:

يوللار، يوللار سۆيگەن ئېلىمدىن،
ئايرىۋەتتىڭ مېنى ئۇزاققا.
بىراق نامى چۈشمەس تىلىمدىن،
يۈرەك يانار ئىشقى پىراقتا.

شائىر 1957 - يىلى ئۆكتەبىردە يازغان «سىنىغاندا» ناملىق شېئىرىدا ئۆز ۋەتىنىگە بولغان ئىشقى - مۇھەببىتى ۋە ھىجران دەردىنى ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەيدۇ:

كېچە كۆرۈدۈم سېنى چۈشۈمدە،
ھېسياتلىرىم بىر سەندە مېھمان.
ئولتۇرىمەن ئىھ سېنىڭ ئىشقىڭ،
خىيالىمنى ئەسىر قىلىپ جانان.
كۆز ئۆڭۈمدىن كەتمەيدۇ قەددىڭ،
ئەسلەيمەن مەن تويماي ھۇسنۇڭگە،
قەلبىم - ئاسمان سېنىڭ ھىجرانىڭ،
يۇلتۇز بولۇپ يانار كۆكسۈمدە....

شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ دەسلەپكى چاغلاردا يازغان شېئىرلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەبىئەت ۋە ئىنتىم لىرىكا تەشكىل قىلىدۇ، شائىر ئۆزىنىڭ ھايات سەزگۈرەشلىرىنىڭ تەقەززاسى نەتىجىسىدە تەبىئەت ۋەئىنتىم لىرىكىلىق شېئىرلار يېزىشقا قارىغاندا ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ

كىچە ئۆزۈن بولسۇن سىياھ،
تۈن كەينىدىن تاڭلار ئاتار!

ھەقىقى شائىر بولماق ئۇڭاي ئەمەس، ھەقىقى شائىر دىمەك كىلەچەكنى كۆرۈشنى بىلمەك دىمەكتۇر. ھەقىقى شائىر دىمەك كەلگۈسىنىڭ توغرا خەۋەرچىسى بولۇش دىمەكتۇر. ئەخمەت ئىگەمبەردى ئەنە شۇنداق ئۇزاقنى كۆرەلەيدىغان كۆرۈش ئۇپىقى كەڭ بىر شائىر ھەم ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچىدۇر.

شائىر ۋە سىياسىيون ئەخمەت ئىگەمبەردى بىلەن مەن 1953 - يىلى شەرقىي تۈركىستان دارىلفۈنۇنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتىتىغا ئوقۇغۇچى بولۇپ قوبۇل قىلىنغان تارىختا تونۇشقان ئىدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئەينى سىنىپتا بىللە ئوقۇش جەريانىدا سىنىپداش يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كەتكەن ئىدۇق. ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، بىزنى سەممى دوستلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇقىمىزنىڭ باشلىنىشى ۋە داۋاملىشىۋاتقانلىقىغا بۈگۈن توپ - توغرا 52 يىل بولۇپ قالدى. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان مۇناسىۋەتلىرىمىز سەممى ھالدا داۋاملىشىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى ئۆزىنىڭ ئىجادى ھاياتىدا 350 دىن ئارتۇق شېئىر، غەزەل، ئۇنلاپ باللادا، داستان، يېزىلگەن ئىلمى ۋە سىياسىي

قارا كۆڭۈم خورلۇق ئازاپتا،
مەن زىنداندا ياتىمەن هامان.
دەپ زۇلمەتلىك جاهانغا لەنەت ياغدۇردى.

تالانتلىق شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى 1978 - يىلى يازغان «قانداق قىلاي بەختىم قارا» دېگەن شېئىرىدا ۋەتەن ئازاتلىقى يولىدىكى كۈرىشى جەريانىدا بېشىدىن كەچۈرگەن پاجىئەلىك كۈنلىرىنى ۋە قىسمەتلىرىنى شۇ مىسرالاردا ئىپادىلىدى:

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
قالدى يىغلاپ خۇتۇن ـ بالا.
كۆزنى يۇمدى زارلاپ ئانا،
يوللىرىمغا قارا ـ قارا.

شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى خىتاي هاكىمىيىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغاندا ئىككى نارىسىدە پەرزەنتى يىغلاپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ مېهرىبان ئانىسى «بالام تۈرمىدىن قاچان چىقار» دەپ يوللىرىغا قاراپ، تولا يىغلاپ دەرت ـ ئەلەم ۋە هىجران ئازابىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى.

تالانتلىق ۋە ئۈمىدۋار شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى ۋەتىنىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئېغىر پاجىئەلەر ئالدىدا كۈرەش ئىرادىسىنى يوقىتىپ قويمىدى. ئەكسىچە كۈرەش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيدىكى ۋەتەنىنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالىقا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشتى.

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
زۇلمەت كۆكتە يۇلتۇز يانار.

تەرپىدىن تەسس قىلىنغان مىللىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

1998 - يىلى ئىستانبولدا ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنى قۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ مەركەزنىڭ دائىمى ئىجرا ھەيئىتى ئىچىدە يەر ئالدى.

1999 - يىلى 10 - ئايلاردا گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي كۇنگرىسىنىڭ 2 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ ۋە مۇھىم نۇتۇق سۆزلەپ قۇرۇلتاينىڭ دائىمى ھەيئىتىگە سايلاندى.

2001 - يىل ئۆكتەبىردە بىلگىيەنىڭ پايتەختى بروكسېلدىكى ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «50 يىلدىن بېرى كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان ناملىق كونفرانسىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي كونگرىسىنىڭ 3 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ ۋە نۇتۇق سۆزلەپ، قۇرۇلتاينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتىشىگە چوڭ ھەسسە قوشتى.

2001 - يىل 11 - ئايدا شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي كونگرىسى سىياسى مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى.

2004 - يىلى 12 - نويابىردا ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا چاقىرىلغان «سۈرگۈندىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى

پۇبلستىك ماقالىلارنى يېزىپ ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىق كۇرىشىگە مۇھىم ھەسسىلەر قوشتى.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى ۋە ماقالىلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسى ۋە ئىستىقبال كۇرىشىمىزنىڭ جەڭگىۋار مارشىدۇر.

شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ 1998 - يىلى ئىستانبۇلدا «زىنداندىن ياڭرىغان ئوتلۇق سادالار» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، 2000 - يىلى ئىستانبولدا نەشىر قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان تۈرك دۇنياسىنىڭ قانلىق يارىسى» ناملىق ماقالىلار توپلىمى، 2004 - يىلى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ھەققىدىكى مۇھىم ماقالىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «شەرقىي تۈركىستان ۋەتىنىم مېنىڭ» ناملىق كىتابلىرى نەشىر قىلىنىپ خەلقىمىزنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئەخمەت ئىگەمبەردى بۈگۈن يالغۇز تالانتلىق شائىر بولۇپلا قالماي شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىچىدىن چىققان مەشھۇر سىياسى رەھبەر، مەشھۇر يېتەكچى بولۇپ قالدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق كۇرىشىدە ھەر زامان ئالدىنقى سەپتىن ئورۇن ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئاۋىستىرالىيەدە تۈركىستان جەمئىيىتى تەشكىللەپ ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ باردى.

1992 - يىلى 12 - ئايدا ئىستانبولدا چاقىرىلغان تۇنجى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ قۇرۇلتاي

# ھىجران كۈيچىسى

شېئىر — شائىرنىڭ مەنىۋى تەرجىمھالى. بۇ تەبىرنى بىز ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ «ھىجران دەردى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇپ چىقىش جەريانىدا يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدۇق. بۇ توپلامدا ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى دېگۈدەك ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، يىراق - يىراق يۇرتلاردا ياشىغان شائىرنىڭ ھەسرەت نىداسى، مۇڭ - قايغۇسى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ.

تەقدىر ئەخمەت ئىگەمبەردىنى ئېغىر قىسمەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، يىراق ئاۋستىرالىيەگە ئېلىپ كەتتى. ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوشنا ئەللەرگە چىقىپ، قانداش، تىلداش، دىنداش قېرىنداشلىرىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقان، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا، ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتلىرى ئېغىر، ئەلۋەتتە...

«ھىجران دەردى» ئەنە شۇ روھى سەرگۈزەشتلەرنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى. بىر ھەيران قالىدىغان يېرى، ئەخمەت ئىگەمبەردى ئاۋستىرالىيەگە كەتمىگەن چاغدا يازغان شېئىرلىرىدىمۇ، بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىدىكى ئەسەرلىرىدىمۇ قانداقتۇ بىر مەيۈسلۈك، سادda ھېس - تۇيغۇلار مۇجەسسەم ئىدى. (1957 -

ھۆكۈمىتى»نى تەسىس قىلىش يىغىنىدا كۆپچىلىك تەرىپىدىن «سۈرگۈندىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ جۇمھۇر رەئىسلىكىگە سايلاندى، ھازىرغىچە بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىگە بايراقدارلىق قىلىشتىن ئىبارەت تارىخى رولىنى جارى قىلىشقا تىرىشماقتا.

بىز ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنقىلابى كۈرەش پائالىيەتلىرىگە، ئەدەبى، ئىلمى ئىجادىيەتلىرىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر، تىنىگە ساغلىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز.

2005 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى (ئىستانبول)

جىددىي جاۋابكار تۇيغۇلارغا ئورۇن بەرگەن بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمىلەردە تارتقان جىسمانىي ۋە روھى ئازابلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇش ئارقىلىق مىڭلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ روھى ھالىتىنى ئىپادە قىلىدۇ.

بۇ شېئىرلاردا چىدام ۋە ماتانەت، غەيرەت ۋە ئۈمىد تۇيغۇلىرى ھۆكۈمران، ئېھتىمال ئەنە شۇنداق تۇيغۇلارنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ شەخسىي سۈپىتىدە شەكىللىنىشكە ئاساس بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئاسارەت ئىچىدە نۇرغا ئىنتىلىش، قەپەز ئىچىدىن ئەركىنلىككە تەلپۈنۈش، ناھەقسىزلىق ئىچىدىن ھەقىقەتنى ئىزدەش تۇيغۇلىرى شائىرنىڭ تۇرمىلەردىن ئوتلۇق سادالارنى ياڭرىتىشقا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە يۆلىنىش بەخش ئەتكەنلىكى ئېنىق.

«ھىجران دەردى» دە پەقەتلا دەرت - ھەسرەتلا ئەمەس، دوستلۇق شادلىقى، ھايات خوشاللىقى ئىپادە قىلىنىدىغان شېئىرلارمۇ ئاز ئەمەس. شائىردا ھاياتقا نىسبەتەن بۈيۈك بىر مۇھەببەت بار. شۇڭلاشقا ئەڭ ئېغىر چاغلاردىمۇ ئۇ خۇشال بولۇشنى، ھاياتتىن بەھرى ئېلىشنى بىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ ئىجادىيىتىنى ھەر تەرەپتىن تولۇقلايدۇ. مۇڭ بىلەن خوشاللىق، ئازاب بىلەن راھەت، دەرت بىلەن بەخت ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن

1961) يازغان شېئىرلىرىدا ئەنە شۇ ئەھۋالنى ئېنىق كۆرىمىز.

ئۇ يىللىرى بىز ۋەتەندىن دەستلەپ قېتىم ئايرىلىپ، تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان ئىدۇق، كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن يەنى 61 — 62 - يىللاردا ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ ئىجادىيىتىدە بەدىئىي ۋە روھى جەھەتتىن ئۆزگىرىش - يۈكسىلىش بايقىلىشقا باشلىدى. ئۇ كۆپ يازمىغان بولسىمۇ، ئاز لېكىن ساز ئەسەرلەرنى يازدى.

تەبىئەت ۋە ئىنتىم لىرىكا ياش شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە يېتەكچى ئورۇننى ئىگەللىدى. ئەنە شۇ ماۋزۇلار ئەتراپىدا ئىجادىيەت دائىرىسى كېڭىيىپ بېرىۋەردى.

ئىنسان شائىر ئۈچۈن ئۇلۇغ ماۋزۇغا، شېئىرىيەتنىڭ مۇقەددەس ئۆلچىمىگە ئايلاندى.

ئەخمەت ئىگەمبەردى بۈيۈك ئەدەبىياتتىن، مەدھىيە شېئىرلىرىدىن، شۆھرەت ئالدامچىلىقىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە خەلقىمىز تەقدىرى، ھايات كەچۈرمىشلىرى ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ قولىمىزدىكى ئۇشبۇ توپلىمىنى ئوقۇپ چىقىش جەريانىدا ئۇنىڭ 70 - يىللاردا ماۋچىلار تۈرمىلىرىدە يازغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرىغا دۇچ كېلىمىز. بالىلىق سادىدىلىقى، مەيۈسلىك ۋە ساكىنلىقى بىردىن

دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ژورنالىستىكا فاكولتېتىنى بىللە تۈگەتتۇق. 1961 - يىلدىن 1963 - يىلى «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش» ئۈچۈن ئىككىمىزنى قومۇل ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىغا سۈرگۈن قىلدى. بۇ جەرياندا بىزنىڭ دوستلۇقىمىز چىن مەنادا مۇستەھكەملىنىپ بېرىۋەردى. بىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى چۈشىنىدىغان دوستلارغا ئايلاندۇق. ئىجادىيىتىمىز بىر - بىردىن قۇۋۋەت ئېلىپ راۋاجلىنىپ بېرىۋەردى.

ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى پەقەت شېئىرىيەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. ئۇ خەلقىمىزنىڭ تەقدىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم ماقالىلارنى يېزىپ، كىتابلار نەشر قىلدۇردى. خەلقئارا يىغىنلاردا شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ ئەمەلىي ئىشلارنىمۇ قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، بىر ئادەم ئۈچۈن ئاسان ئىش ئەمەس. مەن قىسقىغىنە بۇ ماقالەمدە شائىر ۋە پوبلىسىت ئەخمەت ئىگەمبەردى ئىجادىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي توختالمىدىم، پەقەت ئۇنىڭ «ھىجران دەردى» توپلىمى ھەققىدە ئۆز تەسىراتىم ئۈستىدىلا توختالدىم. دوستۇم ھاياتىغا دائىر ئايرىم ئېپىزوتلارنى ئەسلەپ ئۆتتۇم. ئۇيلايمەنكى، كېلەچەكتە شائىرنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە تېخىمۇ تولۇق ۋە چوڭقۇر تەپسىلىي

مۇنداق ئەسەرلەردە پوئېزىيەنىڭ ئۆزىگە خاس
جەلبكار بەدىئىي كۈچ - قۇدرىتى نامايان.
ئەخمەت ئىگەمبەردى دوستلارغا سادىق،
مېھرىبان ئىنسان. مەن ئۇنىڭ بىلەن 1953 -
يىلىدىن تارتىپ سىرداش، مۇڭداش،
دوستمەن، شۇ تۇپەيلى شائىرنىڭ شېئىرىنى
ئوقۇپ ئۇنىڭ ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم كۆز
ئالدىمغا كەلتۈردۈم...
تۇنۇگۈنلا بالىلىق پەيزىنى سۈرۈپ يۈرگەن
بويى ئېگىز، بۇدرە چاچلىق بۇ يىگىتنىڭ 70
داۋانىنىڭ بوسۇغوسىغا كېلىپ قالغانلىقىغا
ھەيران بولدۇم.
ھايات دېگەن شۇنداق ئىكەن... ئارقىدا
تۈزلەڭ داللارنى، ئىدىر - قىرلارنى قالدۇرۇپ،
ئېگىز چوققىلارغا يامىشىدىغان ھايات بىزنى
ئۆزىمىزگە مەنسۇپ چوققىلاردىن بېسىپ ئۆتكەن
يوللارغا نەزەر تاشلاشقا دەۋەت قىلىدىكەن. ھاياتتا
ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز چوققىسى بار. ھەر بىر
ئادەم ئارقىدا قالغان چەكسىزلىككە شۇ
چوققىدىن نەزەر تاشلايدۇ. پەقەت كىچىكىدىن
دوستلۇق رىشتى مۇستەھكەم باغلانغان،
ئىسسىق - سوغۇقلارنى بىللە كەچۈرگەن
كىشىلەرلا ھاياتنىڭ شۇ يوللىرىغا بىر چوققىدىن
نەزەر تاشلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەن. بىز
ئەنە شۇنداق دوستلاردىن ئىدۇق... 1953 -
يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى
ئىنستىتۇتىدا، ئۇندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسيا

# ئىنقىلابچى، داھىي ۋە شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى

سىدىق ھاجى روزى

پۈرسەت شەخس ئۈچۈن ئېيتقاندا ھامان شۇ شەخسنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ، ئەمما پۈرسەت بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا كېچىكىپ كېلىشى مۇمكىن ياكى بالدۇر كېلىشى مۇمكىن ياكى ۋاقتىدا كېلىشمۇ مۇمكىن. بۇيەردە مەسىلە ۋاقتىنىڭ ياكى پۈرسەتنىڭ قانداق خارەكتېردە كەلگەنلىكىنى چۈشىنىشكە باغلىق بولىدۇ. چۈنكى بىرمىللەت ئۆزىنىڭ پايدىسىغا يېتىپ كېلىۋاتقان پۈرسەتنىڭ ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەنلىكىنى، كېچىكىپ كەلگەنلىكىنى، ياكى بالدۇر يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەملەپ كېتەلىشى ناتايىن. پۈرسەتنىڭ قانداق شەكىلدە يېتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىش بىرئادەمگە ئەمەس، بەلكى مىللەت كوللىكتىپىنىڭ چۈشىنىشىگە باغلىق بولىدۇ - دە! بۇ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب دەۋرى ئەمەسمۇ؟ ئەپسۇسكى، ئاللاھ سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ھەممە ئادەمگە تەڭ ئۈلەشتۈرۈپ بەرمىگەنغو؟! پۈرسەتنىڭ دائىمى دېگۈدەك شەخسنىڭ تىرگىنلىشىدە بولۇشى بۇ ئەمەلىيەتتە ۋاقتىنىڭ شۇ شەخسنىڭ ئىختىيارىدا بولۇشى دېگەنلىكتۇر. بۇ پۈرسەت ئىچىدە بۇ ئادەم نېمە ئىش قىلىشى كېرەك؟ كۆڭلىگە قانداق مۇددىئا - مەقسەتلەرنى پۈككەن ئادەم - بۇ؟! ماددىي پاراۋانلىقنى تۇرمۇشتىن ئىزلىگەن ئادەممۇ ياكى تۇرمۇش مەئىشەتلىرىنى ھاياتنىڭ مەقسەت نىشانى قىلغانمۇ ياكى خاتىرجەملىكنى كۈرەشتىن ئىزلىمەي، دۇنيا - تىلاۋەتنى ۋاستە قىلىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا

مۇلاھىزىلەر بولۇشى چوقۇم. مەزكۇر كىتابنىڭ قازاقىستاندىكى ئۇقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەرىپىدىن قىزغىن كۈتۈۋېلىنىشىغا ئىشەنچىم كامىل.

دولقۇن ياسىن

ئامېرىكىدىكى خەلقارا پەن، مائارىپ، سەنئەت، سانائەت ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، نوبېل مۇكاپاتىغا يۈز يىل ئالتۇن مېدالىنىڭ ساھىبى، قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى «ئىلياس جانسۇگۇرۇ» مۇكاپاتىنىڭ لاۋرېئاتى ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك «ئىلھام» مۇكاپاتىنىڭ لاۋرېئاتى.

2005 - يىلى، 15 - مارت، ئالمۇتا

جەمئىيەت ئەخمەت ئىگەمبەردىگە بىر ۋەتەنپەرۋەرنىڭ تەربىيىلىنىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى.

شورا ئاتلاپ ئوغرىلىققا چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەن ئاكا-ئىنىسىنى شەپى كەلتۈرۈپ «داھى» بولۇشنى تاما قىلدىغان پۇرسەت پەرەستلەرنىڭ تامام ئەكسىچە، ئەخمەت ئىگەمبەردى تۇغۇلغاندىن تاكى ھازىرغىچە ئادەم بولۇشنىڭ پۇرسىتىنى ئۆزىنىڭ ئىختىيارىغا ئالدى.

بۇ ئادەم كەلگۈسى ئىنقىلابچى ئەخمەت ئىگەمبەردى 1937 - يىلى ئۇيغۇرىستاننىڭ جىمسار ناھىيىسىدە ئالەمگە كۆز ئاچتى. ئانىسى، ئەلۋەتتە، ۋەتەن ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۇيغۇر سۈتىنى تېمىتتى. تەئەججۇپكى، بۇ كەلگۈسىنىڭ ئىنقىلابچىسى كۆزىنى ئېچىپلا تەگسىز بىر جاھاننى كۆردى. تەگسىزلىككە قارشى شىمالى ئۇيغۇرىستاندا سياسىي غولغۇلا... جەنۇبىي ئۇيغۇرىستاندا شىددەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەركەكلەرنى كۆردى، بۇۋاق بىر سىلكىندى بولغاي... ئاپرىلدا شىمالى ئۇيغۇرىستاندا سوغاق بولاتتى... بىر سەسكەندى بولغاي... باشقىلار ئۇنىڭ ۋەتىنىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ۋەتىنىنىڭ ئىگىلىرى ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىۋاتقان ھىگگاڭ چىش (ئۇيغۇرىستانغا دەسلەپ كىرگەندە خىتاينىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ھىگگاڭ چىش ئىدى) خىتاي مەلئۇنلارنىڭ قىياپىتىدىن سەسكەندى بولغاي... تەسىرلەندى بولغاي... ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ كەلگەندى خىتايلارغا بولۇشۇپ، جەنۇبى ئۇيغۇرىستاندا قوزغىلاڭچىلارنى، قەشقەر ئۆلكىسىنىڭ قەشقەر شەھرىدە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇغۇچىسى ئۇيغۇرلارنى، ھەربىي چېكىنىش بىلەن ھىمىتىنىڭ سېپىدا كېتىۋاتقان بۇ

كۆگۈلسىزلىكنى چىللاپ كەلگەنمۇ؟ بۇ ئادەم زادى قانداق ئادەم؟ بۇ ئادەم دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەن ۋە دۇنيادىن نېمە ئۈچۈن كېتىدىغانلىقىنى قانداق چۈشەنگەن؟ هايات... مامات ـ دەپلا ئاددىيلا چۈشەنگەنمۇ؟ ئاخىرەتنىڭ جەننىتىنى ئويلاپ، پانى دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرىدىن تەركى ـ بىزار بولغانمۇ؟ شۇ ئادەم شۇنداق ئويلىغاندا ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ زادى قانداق مۇھىت ئىكەنلىكىنى قانچىلىك چۈشەنگەن؟!

قېرىندىشىم! سىز ياشاۋاتقان تۇرمۇشنىڭ قۇرۇلمىسىدا سىز ئېرىشەلەيدىغان ماددىي پاراۋانلىقمۇ يوق، سىز ياشاۋاتقان تۇرمۇشنىڭ قۇرۇلمىسىدا خاتىرجەملىكمۇ يوق. دۇئا قىلىسىز، خۇدادىن نېمە تاما قىلىسىز؟ جەننەت، ئوھوي، قۇرئان كەرىمدە جەينىمازدا ئولتۇرۇپ جەننەت تىلىگەن ئادەمگە، خۇدا، جەننەت بېرىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن ئەمەسقو! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «جەننەت قىلىچنىڭ سايىسىدا» دېگەن ئەمەسمىدى؟! شۇ ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىپ ئۆزلەشتۈرگەن ئەخمەت ئىگەمبەردى — ئىنقىلابچى ئەخمەت ئىگەمبەردى ئىدى.

مۇبادا ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستان تىنچ ئەمەل خىتايلارغا مۇستەملىكە بولۇپ قالمىغان بولسا، بۇ ئادەمنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇسى يوق ئىدى، دېگىلى بولاتتىمۇ؟ بۇ ئادەم بالا چېغىدىن باشلاپلا ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان ئادەم ئىدى. شۇڭا زامان ئەخمەت ئىگەمبەردىگە ئىنقىلابچى بولۇپ، يېتىشىپ چىقىشىنىڭ پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەن، بەلكى، توقۇنۇش ئىچىدىكى

شەھىرىگە ئوقۇشقا كەتتى. ياشلىقى كۆككۆزلەر بىلەن قوي كۆزلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئاخىرلاشتى.

قانغــا ئارىلىشــىپ تومۇرىــدا ئــېقىپ يۈرگــەن ئىستەكلەر... مىللەت... ۋەتەن... ئازادلىق، مۇستەقىللىق تۇيغۇلىرى ئاستا ـ ئاستا مەنۋىي ئىچكى كۈرەش ئارقىلىق تولۇق پىكىرگە ئايلاندى. سىلىشتۇرما ئىچىدە ئايان بولغان رېئــال دۇنيــا ئەخمــەت ئىگــەمبەردىنىڭ سىياســي تەپەككۇرىغا ئوبيېكت بولدى. ئەمما، بۇ تەپەككۇر تېخى پىشىپ يېتىلگەن تەپەككۇر ئەمەس ئىدى، كۆپ ھاللاردا ۋۇجۇدىــدا ئۇرغــۇپ تــۇرغان مىللىــي ھېســسىيات بــۇ يىگىتنىڭ ئەقلى تەپەككۇرىغا ئارىلىشىۋالاتتى.

ئــەقلى تەپــەككۇرنى يولــدىن چىقىرىشــقا كۆچــەپ كۆرەتتى. سىياسىي تەپەككۇر بىلەن ھېسسىياتنىڭ ئۆزئارا كۆرىشــىدىن ئەخمــەت ئىگــەمبەردىنىڭ ۋۇجــۇدى سىلكىنەتتى. بۇ ياشنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مىللىي جاسارەت ياكى مىللەتچىلىك ئىككى ئەقلى ـ سىياسىي تەپەككۇر بىلــەن ھېســسىياتنى ياراشتۇرۇشــقا تىرىشــاتتى. ئــەمما ھېســسىيات بىلــەن ئــەقلى تەپــەككۇرنىڭ توختاۋســىز كۈرەشلىرىنى پۈشۈرۈپ كەتكىلى بولمايتتى.

تاشكەنتتىن تەگرى تاغلىرىنىڭ شىمال ئېتىكىدىكى ئۈرۈمچــى شەھىرىگــە لــېكىن، ئىپــلاس ئايــاق بىلــەن بــۇلغىنىۋاتقان شەھەرگــە قــايتىپ كەلــدى. «دوســت»، ـ دېگەن نېمە ئىكەن، ـ ئۇ! «ساۋاقداش»، ـدېگەن، ـ نېمە ئىكــەن ئــۇ! ئەگــەر ئوتتۇرىســدا ئورتــاق تىــل بولمىســا، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدىكەن. تاشــكەنتتە ئــۆز ئــارا سۆزلەشــكەن ســۆزلەر، كۇسۇلداشلار، قــۇلاقتىن ـ قــۇلاققا پۇتۇلگــەن پــلانلار... مەقســەتلەر...

دۆلـەتنىڭ ئارمىيەسـىنى، ھـاۋادىن، يـەردىن قىـرغىن
قىلىۋاتقان، شـىمالى قوتـۇبنىڭ ئاق ئېيىقى رۇسـىيىلىك
مۇژىكلاردىن ژىركەندى بولغاي!
يوروق دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان بۇ «چوڭ ئادەم»
بىر ئىسـمنى — ئۇيغـۇرنىڭ ھـازىرقى زامـان قـۇراللىق
ئىنقىلابىنىـڭ تـارىخىنى ياراتقان، قـۇراللىق ئىنقىلابىنىـڭ
ئاتامانى ئابدۇنىياز، دېگەن ئىسمنى تەكرارلايتتى.
ئىرادىنـى قىلىچقا، قىلىچنـى ئىرادىگـە ئايلانـدۇرغان
ئابـدۇنىياز شـۇ يىلـلاردا ھـەم شـېڭ شىسـەينىڭ قـۇراللىق
كۈچلىرىگـە ھـەم رۇسـىيىلىك مـۇژىكلارنىڭ قـۇراللىق
كۈچلىرىگە قارشى جەڭ قىلغان قەھرىمان ئادەم ئىدى.
مۇژىك ئەسكەرلەرنى ئابدۇنىياز تارىم توغراقلىرىنىڭ شاخ -
شاخلىرىغا ئېسىپ قويـاتتى، قىلىـچ ئـۇرۇپ بـەدەنلىرىنى
پارچىلايتتى... بـۇۋاق بـەختلىك ئىدى، ئابدۇنىياز قىلىـچ
ئويناتقان دەۋرلەردە تۇغۇلدى... شۇڭا بۇۋاق بىر ئىسمنى
ئابـدۇنىياز، - دېگـەن ئىسـمنى تەكرارلىـدى... ئـۇيقىنىڭ
مۇگدەك ئۇۋچىسى بۇۋاقنىڭ كىرپىكلىرىگە تور تارتتى...
بۇۋاق ئاستا - ئاستا ئۇيقىغا كەتتى. كۆزلىرى يۇمۇلدى...
لـېكىن ئـۇنىڭ يـۇمران ئىككـى قولـى مـۇش بولـۇپ
تۈگـۈلدى... چۆشـەكىدى... ئابـدۇنىياز... قـاراچىلان
ئايغىرىغا مىندى... ئۇيغۇرىستان! زېمىنى سىلكىندى!
كەلگۈسـى ئىنقىلابچـى ئەخمـەت ئىگـەمبەردىنىڭ
باللىق چاغلىرى، ئانىسىغا ئەركىلەپ بەرگەنلىرى جىمسـاردا
قالدى. 1956 - يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ
ئەدەبىيات پاكولتىتىنى تاماملىغان ئەخمـەت ئىگـەمبەردى،
1957 - يىلـى يەنـە سـابىق سـوۋېتلەرنىڭ تاشـكەنت

ئىگەمبەردىنىڭ ۋۇجۇدىدىن يەر ئالغان مىللىي ئىنقىلاب ئىدى.

بۇ ئىككى خىل ئىنقىلابنىڭ قايسىسى ئەكسىل ئىنقىلاب ئىدى! ئادالەتنىڭ كۆزى يوقمىدى! سىياسەت مەنتىقىسىنىڭ سۆزى يوقمىدى! تارىخنىڭ ھۆكمى يوقمىدى!

شوگغىچە ئەخمەت ئىگەمبەردىگە يېتىپ كەلمىگەن كەلگۈلۈك ئەمدى يېتىپ كەلدى. 1969 - يىلى خىتاي ھوكۇمرانلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ نازۇك، ئەندىشىگە تولغان يىللىرى بولۇپ، ئۇنى ئازدېگەندەك ئامېرىكا ۋە جەنۇبى ۋىيتنام كامپودژىغا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرى مىڭ تەسلىكتە قۇرۇپ چىققان قورچاق «قىزىل كىخمېر» ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى تاشقى جەھەتتە كۈتۈلمىگەن زەربىگە دۇچ كەلدى. ئىچكى جەھەتتە غالجىرلاشتى. خىتاينىڭ ھاكىمىيىتى لىگشىپ قالغان شۇنداق كۈنلەردە خىتاي ئۇيغۇرىستاندا مىللىي ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سىياسىي زوراۋانلىقنى يولغا قويدى.

ئەخمەت ئىگەمبەردى قولغا ئېلىندى. ئۇيغۇرنىڭ تۇركۇم - تۇركۇم سىياسىي رەھبەرلىرى 1968 - يىلى 5 - ئايدا ئۈرۈمچى ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ مەيدانىدا ئۇقوغۇچىلارنى زور كۆلەملىك نامايىشقا تەشكىللىگەن، ئۇقوغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى جۈملىدىن يەنە باشقا سىياسىي پائالىيەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئەخمەت ئىگەمبەردى تۈرمىگە تاشلاندى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئەخمەت ئىگەمبەردى ئۆزى ئاشكارا ئىشتىراك قىلمىسىمۇ

سىياسىي ئىستەكلەر... ساۋاقداشلار ئارا قەسەم بېرىشلەر تاشكەنتتە قېلىپ قالمىدى، بەلكى ئەخمەت ئىگەمبەردى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن «پاش قىلىش» ماتېرىيالى ئۈرۈمچىگە كېلىپ خىتاي دائىرىلىرىنىڭ قولىقىغا قويۇۋېتىلگەن ۋە ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ ئىسمى قارا تىزىملىككە يېزىلىپ بولغان ئىدى.

ئەخمەت ئىگەمبەردى 1963 - يىلى تۇنجى قېتىم خىتاينىڭ سىياسىي زەربە بېرىشىگە دۇچ كەلدى، بۇ كىشىنىڭ سىياسى تەپەككۇرى، مىللەت توغرىسىدا دۇنيا قاراشلىرى سىناققا دۇچ كەلدى. ئىسسىق ئائىلىسى ۋە ئائىلىۋى ھېسسىياتى، ئىرادىسى سىناققا دۇچ كەلدى. مېڭىش - تۇرۇشى چەكلەندى، سۈرگۈن قىلىندى... نازارەت - تەقىپ ئاستىغا ئېلىندى... مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىندى. ھاياتلىق، ئازادلىققا تەشنالىق، كۆتكەن ئارزۇلار... مۇقەددەس كۆرەشكە باغلىغان بەللەر سىناققا دۇچ كەلدى. بۇ يىللارنىڭ ۋەزىيىتى 1962 - يىلى 5 - ئايدا يۈز بەرگەن ئىلى - چوچەك ۋەقەلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ قالغان ئىدى.

نازارەت تەقىبىگە ئېلىنغان ئەخمەت ئىگەمبەردى 1969 - يىلىغا يېتىپ كەلگەندە «ئەكسىل ئىنقىلابچى» غا ئايلىنىپ قالدى. بىر - بىرىگە قارشى ئىككى مىللەتنىڭ، ئىككى خىل ئادەمنىڭ كۆرىشى ئىككى خىل مەقسەتكە جەملەندى. بىرى ئۇيغۇرىستاننى مۇستەملىكە قىلماقچى بولغان خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاياغ - ئاستى قىلىش «ئىنقىلابى» ئىدى، يەنە بىرى مۇستەملىكىچى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرىستاننى مۇستەملىكە قىلىشىغا قارشى تۇرىدىغان، ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ۋە ئەخمەت

خورلىغۇچى بىلەن خورلانغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بۇ ئەمەلىيەتتە خورلاش ھوقۇقى بىلەن خورلاشقا قارشى تۇرۇش ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتۇر. كۈرەشنىڭ بۇخىل شەكلى ئىرادىلىك ئادەمنى ھەرگىز بويسۇندۇرالمايدۇ. بۇ شەكىللىك كۈرەش 50 - يىلدىن بېرى خىتاي مىللىتى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتى ئوتتۇرىسىدا مۇستەملىكە قىلىش ۋە مۇستەملىكە قىلىشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشى بولۇپ ئىپادىلىنىپ كەلدى.

بۇ كۈرەشنىڭ نەتىجىسى ھازىرغىچە ياكى ئۇيغۇرلارغا خەيرلىك ئاقىۋەت كەلتۈرمىدى ياكى خىتايلارغا خەيرلىك ئاقىۋەتنى ئەبەدىيلىككە ئاپىرىدە قىلىپ بەرگىنى يوق.

شۇنداق يىگىلمەس ئىرادىنىڭ ئىگىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى بۇگۈن تۈرمىدە! قۇراللىق نازارەت قىلىندۇ، كۆمۈر خاڭغا ھەيدەيدۇ... تۈرمىدىن - تۈرمىگە يۆتكەيدۇ... قولىدا زەنجىر، پۇتىدا كىشەن... بىر قاچا قايناق سۇ، بىر زاغرا خىتايچە دوبازا... تەشنا بولغاندا بىر يۇتۇم سۇ يوق، سوراق ئۈستىگە سوراق... تاياق ئۈستىگە تاياق، ھەي! ئۇيغۇر ئوغلانلىرى!!! خىتاي ساقچىلىرى ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ قولىغا زەنجىر، پۇتىغا كىشەن سالدى... بىراق، ئۇيغۇرىستان مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئۇلغىيىپ تۇرغان مۇقەددەس ئارزۇلارغا كىشەن سالالمىدى!

خېنەنلىك خىتاي ساقچىسى:

- سەن بىزگە قارشى تۇرماقچىمۇ؟

خۇنەنلىك خىتاي ساقچى:

سەن بىزنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقارماقچىمۇ؟ ئاللاھ! بۇ زېمىن كىمنىڭ زېمىنى ئىدى؟ ئۇيغۇرنىڭمۇ ياكى

ئۇنىڭ ئىدىيىلىرى، مىللەتچىلىك غايىلىرى شۇ ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى.

شۇنداق ئەخمەت ئىگەمبەردى تۈرمىگە تاشلاندى. مىللىي ھاقارەت - ھاقارەت ئۈستىگە تۆپىلەپ كەلدى، مىللىي خورلۇق - خورلۇق ئۈستىگە قوشۇلۇپ كەلدى. ئىرادە، تاقابىل تۇرۇش كۈچۈك قانچىلىك؟ مىللىي ھېسسىيات، بەرداشلىق بېرىش كۈچۈك قانچىلىك! ھاقارەت ۋە خورلۇق ئۇچرىغان كىشىنىڭ ۋۇجۇدىغا تاشلىنىۋەرمەيدىغۇ؟! خورلۇق - ھاقارەت چىدىغان كىشىنىڭ، ھاقارەتكە، خورلۇققا، جاسارەت ۋە ئادىمى ئەخلاقى بىلەن قارشى تۇرالايدىغان كىشىنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىدۇ.

ھاقارەتلىگۈچى، خورلىغۇچى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى شۇنداق ۋاستىلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئۇيغۇرلارغا تاڭماقچى بولىدۇ. ئەمما، پەقەت ئۇيغۇرلار ئىرادىسىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرىغاندىلا ئاندىن خىتاينىڭ ھاقارەتلەشلىرى، خورلاشلىرى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ئەكسىچە بولغاندا بىھۇدە بولامدۇ؟!

گېرمانىيەلىك پىسخولوگىيۇم «خورلىغۇچى خورلانغۇچىنى شەرت قىلىدۇ، خورلانغۇچى خورلىغۇچىنى شەرت قىلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ» - دېگەن. گەپنىڭ ئۆزايىدىن قارىغاندا، خورلىغۇچى بولمىسا خورلانغۇچىنىڭ كۆنى خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتمەيدىكەن - دە! خورلانغۇچى بولمىسا، خورلىغۇچىنىڭ كۈنىمۇ ئاسايىشلىق ئىچىدە ئۆتمەيدىكەن - دە!

نىمىنى تاشلاپ كەتكەن ئېلىدە!

لېر

مىنتوف

ئەخمەت ئىگەمبەردى مېھرى ـ مۇھەببەتنى تاشلاپ كەتتى... جاپا ـ مۇشەققەتنى ئىزلەپ كەتتى ياكى جاپا ـ مۇشەققەتنى تاشلاپ كەتتى... مېھرى مۇھەببەتنى ئىزلەپ كەتتى ياكى ئۇيغۇرلارغا نىجاتلىق، ئازادلىق ئىزلەپ كەتتى... ياقا يۇرت ئىنقىلابچىغا سىياسىي پانالىق بەردى... ئۆز ئېلىگە پاتمىغان سەركە ياقا يۇرتتىن ماكان تاپتى.

ئىنقىلاب يەنە ئەخمەت ئىگەمبەردى ئارقىلىق ئاۋستىرالىيەدە باشلاندى. ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى يوق. ئۇيغۇر قەيەرگە بارسا ئايىغى تەككەن يەر ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى بولىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنى ئۇيغۇر دەسسەپ تۇرغان بىر غېرىچ يەردىن باشلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە ئىنقىلابمۇ بىر غېرىچ يەردىن باشلىنىدۇ، ـ دە! كونفرانسلارغا، يىغىنلارغا قاتناشتى. بەلكى ئەخمەت ئىگەمبەردى ئاۋستىرالىيەدە شۇنداق يىغىنلارنى ئۆزى تەشكىللىدى. ئاۋستىرالىيەدە ئۇيغۇرىستان كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى پۈتۈن ئاۋستىرالىيەگە، ھۆكۈمەتكە، چەتئەللەرگە ئاڭلاتتى... ئۇيغۇرىستانغا خەلقئارا مۇخبىرلارنى ئەۋەتتى... نامايىش تەشكىللىدى، مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا دادىل جاۋاب بەردى.

خىتايىنىڭمۇ؟ خىتاي ئۇيغۇرنى سوراق قىلىشى كېرەكمىدى ياكى ئۇيغۇر خىتاينى سوراق قىلىشى كېرەكمىدى؟

تۈرمىدە... قانچە ۋاقىت ئۆتتى؟ بىلمەيمەن تەبىئەتكە خاس ۋاقىت تەرتىپىدىن ئېيتقاندا، 10 يىلدەك ۋاقىت ئۆتتى... بىر ئىنساننىڭ قىسقا ئۆمرىدە قانچە 10 يىل بار؟ دەقىقىلەر... مىنۇتلار... كۈرەش... مىللىي ئۆچمەنلىك... نەپرەت... سېغىنىش... ئەسلەش... تەگسىز خىياللار... بەزىدە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن خىياللار... ھەتتا بەزىدە تاشلاپ كەتكەن خىياللار... قاراڭغۇ كامېر... تەنھالىق... بىر - بىرىدىن ئۇرتاق پىكىر تاپالمىغان بىچارىلار... مەھبۇسلار.

ئەپەندىم ئەخمەت ئىگەمبەردى، شۇنداق قىلىپ قانچە يىل تۈرمىدە ئۆتتى؟ 10 ئەسىر....

- ياق ئەپەندىم 10 دەقىقە ئۆتكەندۇ؟ كۈچلۈك ئىرادىنىڭ ئىگىسى ۋە تەۋرەنمەيدىغان سىياسىي ئېتىقادقا ئىگە ئادەمگە 10 - يىل 10 دەقىقە بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئىنقىلابچى ئادەمگە ۋاقىت شۇنداق ئۆتكەن بولىدۇ، - ئەلۋەتتە.

1985 - يىلى باھار پەسلى ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ ھاياتىغا يەنە باشقا ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى.

ئۈرۈمچىدە دوستلۇق كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالدىم... ئاق يول تىلىدىم... ئەخمەت ئىگەمبەردى ئائىلىسىنى ئېلىپ، ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ يىراققا — ئاۋستىرالىيىگە سەپەر قىلدى.

ئاقىرىپ كۆرۈنەر يالغۇز بىر يەلكەن،
كۆك دېڭىزدا تۇمان ئىچىدە.
ياقا يۇرتتا نېمە ئىزلەركەن،

ئـەخلاق بىلـەن ئىرادە بىرلەشمىگـەندە ئـەخلاقنى ئەخلاق دېگىلى، ئىرادىنى ئىرادە دېگىلى بولمايتتى.

ئەخمـەت ئىگـەمبەردى قورسـىقى كـەڭ ئىنقىلابچـى بولـۇپ يېتىشـىپ چىقتـى. ئەمـەلى ئـەخلاقى قىياپـىتى ئـارقىلىق، ساختىپـەزلىك، كازراپـىلىقنى ۋە بۇنـىداق خۇسۇسـىيەتلەرنى جامائـەت سـورۇنلىرىغا ئـېلىپ كىرگۈچىلەرنى ۋە سىياسەت ساھەسىگە تاگماقچى بولغان كىشىلەرنى رەھىمسىز تەنقىد قىلدى، مىسقال مەنپەئەت ئۈچـۈن، سـاختا شـۆھرەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن يولـدىن ئۆتكەنـدە ئـوڭ تەرەپكە ۋە سـول تەرەپكە تـازىم قىلـدىغان ئادەملەرنى پاش قىلدى.

ئەخمـەت ئىگـەمبەردى قانـداق قىلىـپ بىزنىـڭ كـۆڭلىمىزدىكى ئىنقىلابچـى ئـادەم بولـۇپ يېتىشـىپ چىقالدى؟ زۇلۇم - ئىسيان ئۇتتۇرىسـىدا سـاقچى بولىدۇ، تۈرمە بولىدۇ، ئۆلۈم بولىدۇ، ئەخلاق بىلەن ئەخلاقسىزلىق ئۇتتۇرىسىدا نومۇس بولىدۇ، ئىسيانكار ئادەم تۈرمىنـى، ساقچىنى، ئۆلۈمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەيدۇ.

قـۇرئان كەرىمـدە: «ئالالاھقـا تـەۋەككۇل»، - دېيىلمىگـەنمىدى؟! ئۈمىد بىلـەن ۋەھىمـە ئۇتتۇرىسـىدا ئېتىقـاد بولىـدۇ، مەسىلـەك بولىـدۇ، ئۈمىـد مەسىلەكنى ئۆزىنىـڭ نىشـانىغا يېتەكلەيـدۇ، ۋەھىمـە مەسىلەكنى ئـۆز ئورنىدا چەكلەيدۇ. مۇبادا مەسىلەك مۇستەھكەم سىياسىي ئېتىقادقا ئايلىنىدىكەن ئىنقىلابچىنىڭ كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ. ھـەر قانـداق ئىنقىلاب يـاكى ئـەركىنلىك ئۈچـۈن يـاكى مۇسـتەقىللىق ئۈچۈن كـۈرەش جـەريانىغا كىرگـەندە، سىياسـى ئېتىقـادنى ئاسـاس قىلغـان بىـر پرىنسىپ رول ئوينايدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئۇيغۇرلارغا يۈز كېلەلەرمۇ؟ كېلەلمەيدۇ. ئامەت بىلەن ئاپەتنى بىللە ئېلىپ يۈرگەن ۋاقىت ۋە زامان ئامەت بىلەن ئۇيغۇرلارغا يۈزلەنگەندە، ئىشىنىمەن، ئۇيغۇرلار كونا - يېڭى ھېسابنى بىراقلا ئالىدۇ. بارىكاللاھ! ئىنقىلابچى! ئۇستازىم ئەخمەت ئىگەمبەردى! ئۈچ ئالمىغان ئوغۇل بالىنى ئوغۇل بالا دېگىلى بولامدۇ؟

ئەخمەت ئىگەمبەردى قەلەم ئارقىلىق جىھاد قىلدى، «زىندانىدىن ياڭرىغان ئوتلۇق سادالار»، «شەرقىي تۈركىستان تۈرك دۇنياسىنىڭ قانلىق يارىسى»، «شەرقىي تۈركىستان ۋەتىنىم مېنىڭ!»، قاتارلىق شېئىرى ۋە پوپلىستكىلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، شېئىرلىرىدا تاۋلانغان مىللىي ھېسسىياتىنى ۋە ھەرىكەتنى خەلققە تەقدىم قىلغان بولسا، پوپلىستكىلىق ئەسەرلىرىدە سىياسىي ئېتىقادىنى ۋە سىياسىي ھوقوقى ئىرادىسىنى خەلققە تەقدىم قىلدى.

توختى قۇربان، زىيا سەمەدى، تۇرغۇن ئالماس، ئابدۇلئەزىز مەخسۇم، دىلىبىرىم سامساقوۋا، ئابدۇراخمان قاتارلىق ۋەتەنىنىڭ مۇجاھىدلىرى، ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقىغا، مىللەتنىڭ ئەركىنلىكىگە بەدەل تۆلىگەن، ھېسابسىز بەدەل تۆلىگەن ۋەتەن ئوغلانلىرى، ھەمشەھەرلىرىمىز، ئۇلارنىڭ ئوبرازى، ئۈچمەس سىماسى ئىنقىلابچى ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ قەلىمىدە مۇھەببەتكە لايىق تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولدى.

ئىنقىلابچىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىككى خىل مەنىۋى كۈچ بار ئىدى.

1) ئەخلاق.
2) ئىرادە.

ئەمەسمۇ؟ - دەپ سوئالمۇ قويمايمەن. بىراق كۆڭلۈمىزدىكى بۇ ئادەم مەسئۇلىيەتچان ئادەم دېگەن پاكىتقا يۈزلەنگەندە، شۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن شۇ ئادەمدە مۇئەييەن ئىقتىدارنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنىمۇ ئىنكار قىلمايمەن. ئەگەر بىر ئادەم پرىنسىپقا ئاساسلىنىپ ھەرىكەت قىلىشقا يوللۇق بولمايدىكەن، بۇ ئادەم مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بۇ ئادەمدىن ئەركىن خاراكتېر تەلەپ قىلىدۇ، بۇ كىشى ھەسرەتلەنگەندە ئەركىن كىشىدۇ، ھاقارەتكە دۇچ كەلگەندە ئەركىن كىشىدۇ، خۇشاللىققا ئېرىشكەندىمۇ ئەركىن كىشىدۇر، تۈرمىدە ئولتۇرغاندىمۇ ئەركىن كىشىدۇر، كۈرەش - ئىنقىلاب قىلغاندىمۇ ئەركىن كىشىدۇر، چۈنكى، بۇ كىشى پرىنسىپ بىلەن مەسئۇلىيەتنى بىرلەشتۈرگەن كىشىدۇر ياكى مەسئۇلىيەت بۇ كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدىن روھى ئالەمدىن ھالقىپ ۋەتەن ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتكە، مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتكە ئايلانغان مەسئۇلىيەتتۇر. ھەقىقىي ئىنسان مۇمكىن بولىدىغان ياكى مۇمكىن «بولمايدىغان» ھادىسلارغا دۇچ كەلگەندە ئادەمنى چۆچۈتقىدەك دەرىجىدە مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ئىنقىلابچى ئەخمەت ئىگەمبەردى باشقىلارغا ئوخشاش ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىقى مۇمكىنمۇ ياكى مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ - دەپ ئويلاپ ئولتۇرغىنى يوق. بۇ ئىنقىلابچىمىز كۈرەشچان ھاياتىنىڭ ئۇزاق مۇساپىلىرىدە ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلدى!!!

پرىنسىپ ـ مۇستەقىللىق! بۇ ئۇلۇغ ھەقىقەتكە تايانغاندا ھەقىقەت بارلىق ۋەتەنداشنىڭ ئورتاق غايىسىگە ئايلىنىدۇ. ۋەتەنداشلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسى نىشانىنى تېپىۋالغان بولىدۇ. بىز بۇ يەردە ئۇيغۇر مىللى ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ بۇنىڭدىن ئۆزگە ئەھمىيىتى بارلىقىنىمۇ بىلمەيمىز. بىلسەكمۇ ئېتىراپ قىلمايمىز.

پرىنسىپ بار يەردە بۇ پرىنسىپ قوروُلۇش خارەكتېرلىك بولۇشى كېرەك، مۇستەھكەم سىياسى ئېتقادنى ئومۇملاشتۇرغان تونۇش بولمىسا، ئىنقىلابچىنىڭ غايىسى ئەبەدى پاكىتقا ئايلىنالمايدۇ. شەخسىيەتچىلىكتىن ۋاز كەچمىگەندە، دائىم دېگۈدەك ئورتاق مەقسەتلەر ئۈچۈن بەدەل تۆلىمىگەندە ئۇلۇغ ئىشلارنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. بەدەل تۆلەش جۇرئىتى ھەركەتتە دائىم دېگۈدەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇرسىغا باغلىق بولىدۇ. مەسئۇلىيەت شەخسىيەتچىنىڭ ۋۇجۇدىغا يەرلەشمەيدۇ. مەسئۇلىيەت ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ يۇكسەك، خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدىغان مۇستەقىللىق ئارزۇلىرىنى چۈشىنىشنى خالايدۇ. بۇ خىل ئارزۇلارنى چۈشىنىشنىمۇ خالىماي ئاتالمىش «مىللى داۋا» قىلغۇچى كىشىلەر بىر ئۇچۇم كۆكەملەر ۋە پرىنسىپسىز ئۆكتەملەردۇر. بۇخىل كۆكەملەر ۋە ئۆكتەملەرگە زەربە بېرىش ۋە بۇ تىپلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ داشقاللىرىنى چەتكە قېقىش، ئەلۋەتتە، بىر خىل مەسئۇلىيەتنىڭ ئىپادىسىدۇر.

مەن ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە ـ دەپ سوئال قويمايمەن. بۇنداق سوئالغا تەييارلاپ قويغان تەييار جاۋابىممۇ يوق. مەن كۆڭلۈمدىكى ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟ ـ مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگىمۇ ياكى ئىگە

داھى بىر مەقسەتكە لايىق بىر نىشاننى ئۆز ئالدىغا تىكلىگەن بولۇشى لازىم. داھى ئىپتىدائى شەخسىيەتچىلىكتىن ۋازكەچمەيدىكەن، كۈرەش يولىدا مەقسەتلىك شەخسىيەتچىلىكنى ياكى دېموكراتىك شەخسىيەتچىلىكنى تاللاپ ئالمايدىكەن بۇنداق داھىنىڭ ھەقىقىي مەنىدە داھى بولالىشى ناتايىن. تارىختا نۇرغۇن كىشىلەر داھىلىق سالتەنەتىگە ئېرىشكەن، بۇران - چاپقۇنلۇق كۈرەشلەرگە دۇچ كەلگەندە بۇ داھىلارنىڭ بىر قىسمى پۇرسەت پەرەست سىياسەتۋازلار بولۇپ چىقتى. بۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئىپتىدائى شەخسىيەتچىلىكتىن ۋاز كېچەلمىگەن كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتى - ئۆمىدى ھەشقى پېچەككە ئوخشاپ قالدى. داھىلارنىڭ يەنە بىر خىلى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن سىياسىئونغا ئايلىنىپ، داھى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. بۇ كىشىلەر ۋە شۇ داھىلار ھازىرغىچە تارىخ بىلەن بىللە ياشاپ كەلمەكتە.

تىنىمسىز پىكىرلەر ۋە ئىدىيىلەر داھىنىڭ ئېگىزلىكى - يېڭى تۇغۇلغان ئىدىيىلەر داھىنىڭ ئېڭىدا غىدىقلاش پەيدا قىلغۇچى كۈچ سۈپىتىدە ئاۋۋال مىللەتنىڭ ئارزۇلىرىغا ئايلانغان بولۇشى، قىساس ۋە غايىگە ئايلانغان بولۇشى، مەقسەت ۋە نىشانغا ئايلانغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق كەيپىيات جەمئىيەتتە ئومۇملاشمىغاندا داھى قەيەردىن كېلىدۇ؟ داھىنى دەۋر يارىتىدۇ، داھى تارىخنىڭ ئەخلەت ساندۇقىدىن تېرىپ كېلىنمەيدۇ، بەلكى داھى مىللەتنىڭ ئارزۇلىرىدىن تۇغۇلغان بولىدۇ.

داھى بىلەن ئەگەشكۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا «پەرقسىز» مۇھىت بولۇشى ۋە «پەرقلىك» ئارىلىق بولۇشى لازىم. داھى بىلەن ئەگەشكۈچىلەرنىڭ مۇددىئا جەھەتتىكى

«توقۇنۇش»، كۇرەش، رەھىمسىز تارىخ ياراتقان دۇنيادا ھاياتنىڭ ئەڭ لەززەتلىك مەزمۇنى بولۇپ كەلدى. بەزىلەر كارۋاتتا ئۇخلاپ يېتىپ ئۆلدى، بەزىلەر تەتۈر زامانغا، تەتۈر قىسمەتلەرگە قارشى شىددەتلىك كۇرەش مەيدانىدا ۋە جەڭلەردە ۋاپات بولدى. ھەقىقىي ئىنسان تۇغۇلغاندا كۇرەش ۋە توقۇنۇش ئىچىگە تۇغۇلغان بولىدۇ. بۇنداق ئىنساننىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتى كۇرەش ئىچىدە ئۆتكەن بولىدۇ. داھى تىپ - تىنچ ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ، پەقەت كۇرەش ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەتتا، بۈگۈنكى كۈندە ئىلغار دېموكراتىك مەملىكەتلەردە سايلام ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىنغان داھىلارمۇ كەسكىن سىياسىي كۇرەش ۋە كەسكىن سىياسىي رىقابەت ئىچىدە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەن داھىلاردۇر.

كۇرەش ئىچىدىكى مىللەتنىڭ داھىسى ئىنقىلاب، رەھىمسىز كۇرەشنىڭ ئىچىدە تەربىيىلىنىپ چىققان داھىلارنى تەييارلايدۇ. داھى مۇئەييەن نىسبەتتە ئەگەشكۈچىلەر ۋە قوللىغۇچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇشى لازىم. ئەخمەت ئىگەمبەردى ئەنە شۇنداق داھى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئەخلاقى قامەتكە، قايىل قىلىدىغان جاسارەتكە ئىگە داھى بولۇپ قالدى.

ئەخمەت ئىگەمبەردى ھېچقاچان، ھەرقانداق يەردە بىركىشىگە مەن ئۇيغۇرلارنىڭ داھىسى دېمىدى ياكى ساۋاتسىز دىنى مۇخلىسلارنى ئەگەشتۈرۈشنىڭ كويىدا ئۆزىنى مەن ئۇيغۇرلارنىڭ «روھانى» داھىسى دەپمۇ جاكارلىمدى.

پەرقلىق «ئارىلىق» بولۇشى لازىم. بۇ ئارىلىقنىڭ زىدىيەتلىك ئارىلىقتا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن داھى بولغۇچى ئادەم ئاللاھ بەخشەندە قىلىپ بەرگەن ئىقتىدارنى ئىشقا سېلىش، ئىنتايىن نازۇك، ئىنتايىن ئىنچىكە بۇ خىزمەتنى چىرايلىق ياراشتۇرۇش يولى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش، پەرقلىق ئارىلىقتىن «پەرقسىز» مۇھىتقا تەدرىجى ئۆتۈش لازىم. داھى بىلەن قوللىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى «پەرقلىق» ئارىلىقنى ھالقىپ، قوللىغۇچىلار بىلەن داھىنىڭ مۇناسىۋىتىنى «پەرقسىز مۇھىت»قا يېتەكلىگۈچى ئادەم — ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە بۈگۈن بىردىنبىر ئادەم ئەخمەت ئىگەمبەردى بولۇپ قالدى.

توقۇنۇشقا تەبىر بەرگۈچىلەر: «توقۇنۇش تەشكىللىك جەمئىيەتنىڭ بىردەكلىكىنى، ماس قەدەملىك جەمئىيەت ھالەتلىرىنى ئىزىدىن چىقىرىدۇ» - دېيىشتى. ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغاندا خىتاي جەمئىيىتى «تەشكىللىك»، «ماس قەدەملىك» بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەمئىيەت ئەمەسمىدى؟ گەرچە ئۇيغۇرلار مىللىي توقۇنۇش پەيدا قىلغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ سالاھىيەتلىك، ئاڭلىق بىر تەرىپى بولالمىسىمۇ، تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن، ئاجىز بولسىمۇ، بىراق يېرىم ئەسىردىن بۇيان خىتاي بىلەن ئۇيغۇرلار مۇرەسسەسىز توقۇنۇش ئىچىدە ياشاپ كەلدى. شۇ توقۇنۇشقا ئاكتىپ قاتناشقان ۋە مىللىي توقۇنۇشنىڭ دەرىجىسىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن، شۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ۋە مىللەتنىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن سان - ساناقسىز ئوغۇل - قىز، ئۇيغۇر پەرزەنتلەرنىڭ ئىچىدە، ۋۇجۇدىغا روھى ۋە مەنىۋى

بىرلىكى، قىممەت قاراشلىرى ۋە مەقسەتلەر ساھەسىدىكى بىردەكلىكى ۋە بۇنىڭ جەريانلاشقان جەريانى، داھىي بىلەن قوللىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېھتىياجلارنىڭ بىرلىكى، بىخەتەرلىك تۇيغۇلىرى بىردەك بولۇشى لازىم. بۇ بىزنىڭ داھىي بىلەن قوللىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى «پەرقسىز» مۇھىت دېگەنلىكىمىزدۇر.

داھىيلار قوللىغۇچىلارغا موھتاج بولىدۇ، قوللۇغۇچىلار داھىيلارغا موھتاج بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلالىغانلىقى ئۈچۈن بىر ئادەم ئۇلۇغ ھېسابلانمايدۇ، بەلكى باشقىلارغا ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلدۇرالىغان ئادەم ئادەمدۇر. بۇ ئادەم ئۇلۇغ تۇغۇلۇپ ئەمەس، ئادەم بولۇپ قالىدۇ... بۇ ئادەم ئۇلۇغ ئىشلارنى ئەترابىدىكى قوللىغۇچىلار تاماملايدۇ.

«توقۇنۇش» بۈگۈنگىچە جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك سىياسەت ساھەسىدە ئۇدۇم بولۇپ كەلدى. گېگىل، خوبېس قاتارلىق پەيلاسوپلار توقۇنۇشنىڭ ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ پىسخىكىلىق مۇناسىۋەتلىرىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقان ئىدى. 17 - ئەسىردە پادىشاھلىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ مۇستەبىتلىرى، 18 - ئەسىردە شوتلاندىيەنىڭ ئەخلاقشۇناسلىرى، 19 - ئەسىردە ئىجتىمائىي دارۋىنىزم يەنە باشقا سىياسەت پەلسەپە ئېقىملىرى ھوقۇق بىلەن توقۇنۇش مەسىلىسىگە ئىزلەنگەن قانداق خارەكتېرلىك ھوقۇق؛ توقۇنۇش، يەنە قانداق خاراكتېرلىك توقۇنۇش، بۇمەسىلىلەرنى بارلىق ئەگەشكۈچىلەرنىڭ بىر يوللۇق پەرق ئېتىپ كېتەلىشى مۇمكىنمۇ؟ شۇڭا، داھىي بىلەن قوللىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا

مىللىي توقۇنۇش خىتاينى ئىلىلاش ئارقىلىق ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغان بىردەملىك ئەخلاقىي ھەرىكەت ئەمەس. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، توقۇنۇش كىشىلەر ئىشەنمىسە بولمايدىغان، ھەقىقىي مىللەتچىلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان، ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان، مىللىي غۇرۇرنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان توقۇنۇشتۇر.

خىتاي بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي توقۇنۇش باشقىلار قاتارى ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ بىر ئۆمىدىنى ياراتتى. توقۇنۇش توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئەخمەت ئىگەمبەردىگە كۈچ ئاتا قىلدى. ئۇنىڭ سىياسىي ئىرادىسىنى تاۋلىدى، تېخىمۇ سىياسىيلاشتۇردى ۋە ئۇنىڭ كۈرەشچان روھىغا ئىشەنچ ئاتا قىلدى. جاپا ـ مۇشەققەتكە، ھاقارەتكە دۇچ كەلگەندە مەيۈسلەنمەي، كۈرەشچان ھاياتىنىڭ ئۇزاق مۇساپىلىرىدە بەل قويۇۋەتمەي، بۈگۈنكى داھىي قامەتلىك ئەخمەت ئىگەمبەردى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

ھەر بىر ئادەم ياكى ھەر بىر گۇرۇھ ياكى مەزھەپلەر ياكى ھەرقانداق بىر جەمئىيەت يوشۇرۇن پەردىلىك ۋە دۈشمەنلىككە ئايرىدە بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرخىل قاتلاملىرىدا، سورۇنلىرىدا روھىي ۋە سىياسىي شەكىللەرنى تەييارلايدۇ. توقۇنۇشقا قۇتراتقۇچى ياكى توقۇنۇش ۋەزىيىتىنى ئىلگىرىلەتكۈچى كۈچ سۈپىتىدە داھىنىڭ توقۇنۇش جەريانىغا قويغان تەلەپلىرى، توقۇنۇشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىگە مۇناسىۋەتلىك قىممەت قاراشلىرى ياكى نىشانى ئەھمىيەتلىك ھەرىكەتكە ئۆزگەرگەندىلا داھىي ئاندىن رول ئوينايدۇ.

قـوۋۋەتنى توپـلىغان كىشـىلەرنىڭ بىـرى ئەخمـەت ئىگەمبەردى ئىدى.

مىللـى توقۇنۇشـنىڭ يوشـۇرۇن كۈچـى جەمئىيەتتـە ھەرخىل مۇناسىۋەتلەرگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. يوشۇرۇن كـۈچ يـوقىتىش يـاكى يـوقىلىش يـاكى ياۋايى كۈچىنمۇ تەييارلايدىغان ساغلام ياكى ئۆسـۈپ يېتىلگەن كۈچىنمۇ تەييارلايـدىغان ئۇچاقتـۇر. چۈنكـى مىللـى توقۇنـۇش ئىچىـدىكى جەمئىيەتتـە توقۇنۇشـنىڭ سـەۋەبلىرىنى ئاخىرلاشـتۇرۇش مـۇددىئالىرى ئېھتىيـاجلىق بولغـان كۆرەشـنىڭ ۋاسـىتىلىرىنى ئىختىيـارى تـاللاپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ - دە!

- «ئۇيغۇرىسـتان مەسىلىسـىنى ھـەل قىلىـش مۇستەبىت خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق تىنىچ يول بىلەن ھەل قىلىدىغان ئىشمكەن؟ دەيدۇ، مەن توتۇيدىغان ئەخمەت ئىگەمبەردى.

بىـر جەمئىيـەتنىڭ خـام خىيـاللىرى پـەقەت قـارىمۇ قارشـىلىقنىڭ يـەنى زىددىيـەتلىك ئىككـى تەرەپـنىڭ ئاساسلىق تەرىپىگە بىرلەشتۈرۈلگەندىلا (ياكى ئاساسلىق تەرىپىگە قارىتىلغاندىلا) ئاندىن ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ خـام خىيـاللىرى يـاكى ئـۇرۇش بىلـەن ھـەل قىلمـاقچى بولغـان قىلمـاقچى بولغـان كىشـىلەرنىڭ ئـاكتىپ خىيـاللىرى، زىددىيـەتنىڭ ئاساسـلىق تەرىپـى خىتـاي مۇستەملىكىچىلىرىگـە قارشـى مەيدانـدا مۇسـتەقىللىق ئۈچۈن كۆرەش قىلغاندىلا ئاندىن ئەھمىيەتلىك دىگەنلىكتۇر. -

ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە مېڭىشقا توغرا كەلدى. ئەگەر تاغۇ تاشلاردا شۇنچىلىك ھېس - تۇيغۇ بولسا ئىدى، ئەخمەت ئىگەمبەردىگە ئەگەشكەن بولاتتى. شۇڭا ئۇ ۋەتەننى تاشلاپ كەتتى. يەنە شۇ تۇيغۇرغا نىجاتلىق ئىزلەپ ياقا ئەللەرگە ھىجرەت قىلدى.

مەسىلەن، ئۇيغۇرنىڭ دىنى داھىسى، - دەپ ئاتىلىدىغان رەھمەتلىك ئابدۇلئەزىز مەخسۇم جىن شورىن دەۋرىدىن تاكى كوممۇنىست خىتاينىڭ سېكرېتارى خۇاگوپېڭ دەۋرىگىچە تۈرمىدە 37 - يىل ياتتى. قېنى بۇ دىنى ئەرباپنىڭ ئەگەشكۈچىدىن مۇخلىسلىرى؟ قاراماي قاچىلاپ ئۈرۈمچىدىن شەرققە قاراپ ماڭغان پويىز ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنى بېسىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ھېسداشلىق قىلغۇچىلار ئەمدى بۇ قېتىم ئۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈردى. ئۆزىنىڭ داھىسىنى تىرىكلىكىدە كۆتۈرمەي ۋاپات بولغاندا جىنازىسىنى كۆتۈرىدىغان بىر مىللەت كەم - كۆتىسىز قول ياكى روھى ئۆلگەن مىللەتتۇر.

بىر مىللەتنىڭ ياكى بىر خەلقنىڭ مەقسەتلىك ئويغىنىشى، سىياسى ئاڭ پەيدا قىلىشى سىياسەت پەيلاسوپلىرىغا، پسىخولوگلارغا تونۇشلۇق بولۇپ كەلگەن ئىدى. مەسىلەن، سىياسى چېنىقىش جەھەتتە تەپەككۇرنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەسىلىلەر، ئاڭ ۋە سىياسىي كۆز قاراشلارنى ھەم تولۇق ھەم جىددىي رەۋىشتە داھىلارنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملارنىڭ ئالدىغا تاشلىغان ئىدى. گېگىل قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ 19 - ئەسىردىكى نەزەرىيىلىرىدە، «توقۇنۇش ئاڭدىن پەيدا بولىدۇ» - دەيدىغان نېگىزلىك قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى.

داهى ئەگەشكۈچىلەرنىڭ تەلەپلىرىنى ئىپادىلىگەندە ۋە بۇ تەلەپلەردىن پايدىلانغاندا مۇنداق ئېيتقاندا، قوللىغۇچىلارنىڭ تەلەپلىرىگە، سىياسىي ئارمانلىرىغا قىزىققاندىلا داهى ئاندىن قوللىغۇچىلارنىڭ ئېگىسىنى قوزغىتىدىغان چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

قوزغىلاڭ، ئىنقىلاب، نامايىش قارىماققا بىر ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. ئەمما، بەزى ھاللاردا سىياسىي شەكىللەرنى تەييارلىغۇچى، ئەگەشكۈچىلەرنى توقۇنۇشقا، ئىنقىلابقا، نامايىشقا قوزغاتقۇچى بىر ئادەمنىڭ روھى ياكى شۇ ئادەمنىڭ ئىشى بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق ئەھۋالدا ئىنقىلاب، نامايىش، قوزغىلاڭ ئىستىخىيىلىك ھەرىكەت بولۇشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

توقۇنۇش زىددىيەت، يەنە توقۇنۇش بۇ جەريانغا ئەلۋەتتە ئادەملەر ئىشتىراك قىلىدۇ، ئىشتىراك قىلغۇچى ئادەملەرنىڭ سانى توقۇنۇشنىڭ كۆلىمىنى، جەرياننىڭ ھاسىلاتى ھېسابلانغان بارلىق ھادىسىلەرنى بەلگىلەيدۇ. بىر مەيدان كۈرەش باشلانغان ھامان ئادەملەر دەرھال ئىشتىراك قىلمايدۇ. بەلكى كۈزىتىپ تۇرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر نان قېپىپى پۇرسەتپەرەسلەر بولۇپ، بۇنداق كىشىلەرنى يەنە داهى بولغۇچى ئادەم توقۇنۇشنىڭ ئىچىگە يېتەكلەپ كىرىدۇ - دە، توقۇنۇشنىڭ كېڭىيىش شەكلىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

داهى ئەخمەت ئىگەمبەردى بىر ئۆمۈر شۇنداق ئىش بىلەن شۇغۇللاندىمۇ، قانداق؟ شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىمىز. ئەمما، ئەخمەت ئىگەمبەردىنى قوللىغۇچىلار قېنى؟ ئۇنىڭ ئىنقىلابىي چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقۇچىلار قېنى؟ بۇ ئۇزۇن يوللارنى ئۈزۈك مېڭىشقا، يىقىلىپ كەتسەك ئۈزۈك

ئېپتىدائى ئاھالىلار كوللېكتىپىغا ئايلىنىپ قالىدى. بۇ گەپلەرنى پەيلاسوپلار تونۇشلا سۆزلىگەن ئىدىغۇ؟!

مىلادى 7 - ئەسىردە پەيغەمبەرگە ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھىدە، «شەك شۈبھىسىزكى، جىن ۋە ئىنسانلاردىن نۇرغۇنلىرىنى دوزاخقا (يېقىلغۇ بولۇش ئۈچۈن) ياراتتۇق، ئۇلار دىللىرى بولغان بىلەنمۇ ئۇ ئارقىلىق ھەقنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار كۆزلىرى بولغان بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ قۇدرەت دەلىللىرىنى) كۆرمەيدۇ. ئۇلار قۇلاقلىرى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ئارقىلىق (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىبرەت ئېلىپ) تىڭشىمايدۇ، ئۇلار گويا ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر. ئەنە شۇلار غاپىلدۇر.» (7 - سۈرە « ئەئراف » 179 - ئايەت).

ئۇقۇڭ. دە! بۇ ئايەتنى مۇسۇلمان مىللەت ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ھالىغا قاراڭ!!!

مەن ئۇيغۇر بۇ مىللەتنى ھاقارەتلەپ قويىدۇممۇ، - قانداق؟ پىتنىنامدىمەن؟ پەقەت قۇرئان كەرىمدىن سىتاتا كەلتۈردۈم، خالاس!

داھى بىلەن بىر مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە داھىنىڭ قىممىتى يوق. ئەمما، ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ داھى بولۇش، پىر بولۇش ئارزۇسى بار.

مۇبادا مىللەتنىڭ قەدىر - قىممىتى مەسىلىسى، مىللەتنىڭ ئازاتلىقى مەسىلىسى بىر تونۇيدىغان داھىنىڭ نەزىرىدە بولمىغان بولسىدى، ئەخمەت ئىگەمبەردىگە ئوخشاش بىر ئۆمۈر جاپا چەككەن داھى، خىلمۇ خىل توقۇنۇشلار ئىچىدە ئۆزىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن داھى، شۇ مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن شۇنچىلىك جاپا چەككەن

ئاڭ، دېگەن نېمە؟ بۇ پەيلاسوپلار ئىنسانىيەتنىڭ ئىگىزلىك ئېھتىياجىنى تونۇپ يەتتى. پەيلاسوپلارنىڭ ئۇستازى فېيىرباخ، «ئىنسانىيەت ماھىيەتنى ئېنىق، تولۇق پەيدا قىلغۇچى ھەقىقى ئېھتىياجغا ئىگە»، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بەزى پەيلاسوپلار ئىنساننىڭ ھېسسىيات باسقۇچىدىكى توقۇنۇشى بىلەن ھايۋاننىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، «كىينىكىسى ھايۋاننىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئېھتىياجىدىن باشقا ئوبيېكتىپ دۇنيادا يەنە قانداقتۇر باشقا بىر نەرسىلەرنىڭمو بارلىقىنى بىلمەيدۇ.»- دېگەن. شۇڭا، «ئادەمنىڭ ئەمگىكى ئېھتىياجلارنى بىۋاستە قاندۇرۇشقا ئېلىپ بارمايدۇ، بەلكى ئىنساننىڭ ئەمگىكى ئىنساننىڭ ئېگى ۋە ئۆزلۈك ئېگىنى پەيدا قىلدۇ»، - دېيىشكەن.

كەچۈرۈڭ ھۆرمەتلىك ئەخمەت ئىگەمبەردى، مەن بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا شۇ قۇرلارنىڭ مەزمۇنىنى مىسال بىلەن تولۇقلاشنى لايىق تاپتىم.

ئەمگەكنىڭ رولى نېمە، چۈشەنمەيدىغان ئۇيغۇر مىللىتى بۈگۈنكى كۈندە «ماھىيەت پەيدا قىلغۇچى ئېھتىياج» نى تەييارلىغان مىللەت بولالماي قالدى. ئۇيغۇر مىللىتى بۈگۈنكى كۈندە تاشقى دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك ئەقلى باسقۇچتا «توقۇنۇش» پەيدا قىلغۇچى مىللەت بولۇش بوياقتا تۇرسۇن ھەتتا، ھېسسىيات باسقۇچىدا «توقۇنۇش» پەيدا قىلغۇچى ياكى ھېسسىيات باسقۇچىدا مىللى توقۇنۇش توغرىسىدا چۈشەنچە پەيدا قىلغۇچى مىللەتمۇ بولالماي قالدى. ئوبيېكتىپ دۇنيادا يەنە قانداقتۇر باشقا بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان

مۇبارەكلەيمەن! تەبرىكلەيمەن، ئەخمەت ئەپەندى! جاسارەتلىك داھىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى، مىللى تونۇش ئىچىدە كۆچەيتىلگەن، مۇستەھكەملەنگەن مىللى روھ ۋە مىللەتنىڭ قىممەت قاراشلىرى يېقىن كەلگۈسىدە ئىنتايىن زور ئۆزگىرىشنىڭ مەنبىئى بولۇپ قالىدۇ ۋە بولۇپ قالغۇسى!!!

شائىر ــ ئەخمەت ئىگەمبەردى

ھەر قانداق مىللەتنىڭ تۇرمۇشى ــ ئەگەر شۇ مىللەت تەسەۋۋۇر كۆچىگە ئىگە بولغان ياكى شۇ مىللەتنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى يەنە شۇ مىللەتنىڭ تەسەۋۋۇر بايلىقىنى ياراتقان بولسا، ئەدەبىيات شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردىن باشلانغان بولىدۇ. يېزىق پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولىشى يازما ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولىشىغا زېمىن تەييارلاپ بەرگەن. مەسىلەن: مىللەت ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائى تەسەۋۋۇرى ئىپتىدائى دەۋرلەردە ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى يارىتىشتىن باشلانغان ئەمەسمىدى؟ قىزىقى شۇ يەردىكى، ئەپسانە - رىۋايەتلەر يارىتىلغان دەۋرلەردە بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ «ئانا تېمىسى» بەلگىلىنىپ بولغان بولىدۇ.

ئىپتىدائى دەۋرلەردە ئىنساننىڭ تۇرمۇشى ئىجتىمائىلاشمىغانلىقتىن تېخى ئەخلاق چۈشەنچىلىرى، ئىجتىمائى ئەخلاق ئۇقۇملىرى پەيدا بولمىغان، يەنە قىزىقى شۇ يەردىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردە «ئادىمگەرچىلىك»، «ئىنسان تەبىئىتى»، «كۆيۈمچانلىق» مەدھىلەندى.

بولارمىدى؟ ئەخمەت ئىگەمبەردى ئاۋۋال ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەن داھى، ئاندىن چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان، شۇ ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك، ماھىيەت پەيدا قىلغۇچى ئېھتىياجنى ۋۇجۇدىدا تەييارلىغان داھىدۇر.

ماددى پاراۋانلىق يارىتىش ھوقۇقلىرى تارتىپ ئېلىنغان مىللەتنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىغان دىنىي ئىدىيىلىرى، مىللەتچىلىك تۇيغۇلىرىنىڭ مىللىي ئاڭ قاتلىمىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشى ئاستا - ئاستا، تەرتىپسىز، قانۇنىيەتسىز، مۇۋازىنەتسىز بولامدۇ، - قانداق؟ ئىستىخىيىلىك ھەرىكەتنى قىبىلنامە قىلغان ئىتتىنىڭ تەركىبىنىڭ ھەر قانداق ھەرىكەتنى قاچان ئىنقىلاب تەرەپكە تەرەققىي قىلىدۇ؟ بۇ ھال خىتاينىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەيدا بولغانمۇ؟ ئىشىنىمەنكى، ئىنقىلاب قوزغىلاڭ، نامايىش ھەرىكەتلىرى ئاخىرى كۆرەشچان روھقا باي داھىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھامان بىر كۈنى رىئاللىققا ئايلىنىدۇ. كېلىدۇ، - بىر كۈن! داھى مىللىي تۇقۇنۇشتىن پايدىلىنىپ جۇملىدىن قورقۇنچلۇق زوراۋانلىق ئارقىلىق مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنىڭ كېرەكلىكىنى قومىدەك چېچىلىپ تۇرغان مىللەتكە تونۇتىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق مىللەت مەجبۇرىيىتىنىڭ، ھوقۇقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

كۆتىمىز داھى ئەخمەت ئىگەمبەرى ئەپەندىم! 2004 - يىلى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋاشىنگتوندا سۈرگۈندىكى ھۆكۈمەتنىڭ پىرىزدېنتلىق ۋەزىپىسىنى ئەمەس، بەلكى 20 - مىليونلۇق مىللەتنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھوقۇقىنى تەقدىم قىلدۇق. بىز سىزگە ۋەزىپىلا ئەمەس، بەلكى قوبۇل قىلدىڭىز. بىز سىزگە ۋەزىپىلا مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدىڭىز.

توغرا كېلىدۇ. تەربىيىلىنىش مۇئەييەن دەرىجىگە يەتكەندىلا ئاندىن ئەدەبىيات ھادىسىلىرىغا ھەر جەھەتتىن ياندىشقىلى بولىدۇ.

مەن ۋەتىنىمدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم. «تەنقىد - تەقرىز» ئۇقۇملىرىغا ياندىشىپ ياكى «تەنقىد - تەقرىز»نىڭ خەنجىرىنى ئېسىپ، ئەدەبىيات قەسرىگە كىرىپ كەلگەن ئىدىم. ۋەتىنىم ئۇيغۇرىستاندا نۇرغۇن ماقالىلارنى يېزىپ، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدىم. بەزىلەر مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ: تەنقىد ماقالىلىرىدا بەدىئىلىك بولامدۇ، - بولمامدۇ؟ دەپ سوئال قويۇشتى.

شۇنداق سوئال قويغان بۇ ئەپەندىلەر، تەنقىدنىڭ بەدىئىيلىكى بولمايدىغانلىقىنى، ئەدەبىي تەنقىد پەقەت ئۇقۇم بىلەن ئىش كۆرىدىغانلىقىنى، ئەدەبىي تەنقىد پائالىيىتىنىڭ پەقەت ئۇقۇملاشقان پائالىيەت ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟! ئوبزور تىلى، دەيدىغان نەرسىنىڭ ئۇقۇملاشقان تىل ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟!

10 يىل بولدى ۋەتىنىمدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدىن ئايرىلدىم. ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھالى نېچۇك خەۋىرىم يوق.

بىراق بۇ ئەدەبىيات 50 يىل مابەينىدە مىللىتى ئۇيغۇرلارغا نېمە ئىش قىلىپ بېرەلىدى؟ ژۇندىكەش ماۋزېدۇڭ دەۋرىدە: «ئەدەبىيات تۇرمۇشنى مەنبە قىلىش كېرەك»، - دېيىلدى. ئۇيغۇر ئەدىپلىرى تۇرمۇشنى ھەقىقى مەنىدە مەنبە قىلالىدىمۇ؟ ئۇيغۇر ئەدىپلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەمەس، بەلكى خىتاي كوممۇنىستلىرى تۈزۈپ بەرگەن سىياسەتنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنبە قىلدى. ماۋزېدۇڭنىڭ مۇستەبىت

ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئەپسانە - رىۋايەتلەردە يۇقىرىقىدەك تىپلارنىڭ خاھىش سۈپىتىدە يورۇتۇپ بېرىلگەنلىكىدىن قارىغاندا، بەلكى ئەخلاقنىڭ ئۈندۈرمىسى، بىخ ھالىتى تەبىئەت - ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان ئىقتىدارغا يوشۇرۇنغان بولسا كېرەك.

«كۆيۈمچانلىق»، «مېھرى - مۇھەببەت»، «ئىنسانپەرۋەرلىك»، ئادالەتنىڭ، ئادالەتسىزلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئەپسانە - رىۋايەتلەردە «ئانا تېما» ئورنىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسا، «ۋەتەنپەرۋەرلىك»، ئەپسانە - رىۋايەتلەردە بارلىق «ئانا تېما»لارغا مەنبە مەسەللىك «ئانا تېما» ئورنىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدى.

مىللەتلەر بولىدىغانلا بولسا، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ھاياتى بولىدىغانلا بولسا، «ۋەتەنپەرۋەرلىك» شۇ ئەدەبىياتتا «ئانا تېما» بولۇپ كەلدى. شۇڭا، ئەدەبىياتتا «ۋەتەنپەرۋەرلىك»، «ئىنسانپەرۋەرلىك »، «كۆيۈمچانلىق»، «باتۇرلۇق» تاشقى ئالەمگە تەتبىق قىلىندى ۋە تاشقى ئالەم ھادىسىلىرىدە يۇقىرىقىدەك مەنىۋى قىياپەتلەرنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىندى.

مەن ئەدەبىياتنى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بىر ئادەم. مۇبادا ئادەم ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ يۇغۇرۇلما گەۋدىسى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ھەر قانداق ئادەم ئەدەبىياتنى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. بۇ ئىقتىدارنىڭ گۈزەللىكتىن زوقلىنىش ۋە گۈزەللىك توغرىسىدا ئىستېتىزمىلىق ھۆكۈم قىلىشى تەبىئىي بولىدۇ. شۇڭا گۈزەللىكتىن زوقلىنىش ۋە گۈزەللىك توغرىسىدا ئىستېتىزمىلىق ھۆكۈم قىلىشنى داۋاملىق تەربىيىلەشكە

ئۇسلۇپ يارىتالمىغان ئەدەبىياتنى تەشۋىقات قورالى، دېيىشكىلا بولىدۇكى، ئەدەبىيات دېيىشكە بولمايدۇ.

– «ئانا تىپما» مەسلىسى ئىدېئولوگىيە مەسلىسىمۇ؟ شۇنداق، ماڭا قويىدىغان قارشى پىكرىڭىز بارمۇ ئەپەندىم؟

-

ئە

دەبىيات ئىدېئولوگىيىدىن يىراق تۇرۇشى كېرەك.

-

شۇ

نداقمۇ ئەپەندىم!

-

ئە

دېئولوگىيە، دېگەن نېمە؟

-

ئە

دېئولوگىيە بىر مىللەتنىڭ ھاياتىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان قورالدۇر!

بايروننى بىلمەن - ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھنى رومانتىك ئەدەبىياتتا بەدىئى مەقسەتكە ئايلاندۇرغان شائىر ئىدى.

تولستوينى بىلمەن - ئىنسانپەرۋەرلىكنى پروزا ساھەسىدە بەدىئى مەقسەتكە ئايلاندۇرغان يازغۇچى ئىدى.

پۇشكىننى بىلمەن - ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى رېئالىستىك ئەدەبىياتتا بەدىئى مەقسەتكە ئايلاندۇرغان شائىر ئىدى.

پابلىنىرودانى بىلمەن – جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائى، سىياسى كېسەل ھالەتلىرىنى لىرىك شېئىرلارغا مەنبە

ھاكىمىيىتى تەشكىللىگەن تۇرمۇشنى پاش قىلىش ئەمەس، بەلكى مەدھىلەشنى بەدىئىي مەقسەتكە نىشان قىلدى، «ئاچ قالدىم»، دېيەلمىدى ئەدىپلەر! «قورسىقىمىز توق، توققۇزىمىز تەل»،- دېيىشتى ئەدىپلەر! تۇرمۇشنى مەنبە قىلىش شۇنداق بولىشى كېرەكمىدى؟

بىراق ۋىژدان ۋە ئەخلاقنى ئادەمگە خاس جاسارەتنى ئۆزلۈككە تەئەللۇق، دەپ بىلگەن، لاياقەتلىك ئادەم بولۇشقا تېگىشلىك خارەكتېرنى خىتايلارغا پۇلغا سېتىۋەتمىگەن ئەدىپلەر، يازغۇچى، شائىرلار («تۇگۇمەس ناخشا» تېيىپجان ئېلىيوپ)، («ئىز» ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر)، («كاككۇك كۆلى» مۇھەممەدجان راشىدىن)، («قۇياش قەسىدىسى» ئوسمانجان ساۋۇت)، («ئانا يۇرت تىرولوگىيىسى» زوردۇن سابىر)، («خورەك»قاسىم سىدىق) قاتارلىق شائىر، يازغۇچىلار، ئەپسانە - رىۋايەت دەۋرلىرىدە بەلگىلەنگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ «ئانا تېمىسى» ۋەتەنپەرۋەرلىككە مۇراجىئەت قىلدى.

ئەدەبىيات «ئانا تېما» ۋەتەنپەرۋەرلىككە ۋارىسلىق قىلىدىكەن، سادىق بولىدىكەن، «ئانا تېما» ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئەدەبىياتنىڭ تېماتىك ئىدىيىلىرىنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشىنى بەلگىلەپ بەرگەندىن باشقا، ھەر قانداق دەۋردە ئەدەبىياتنىڭ تەرەققى قىلىشى «ئانا تېمىغا» قانداق مۇئامىلە قىلىشقا «ئانا تېمىنى» قانداق ئەكس ئەتتۈرۈشكە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. «ئانا تېما »ئۆز نۆۋىتىدە ئەدەبىيات (مىللىي ئەدەبىياتنىڭ) ياكى ئەدىپنىڭ ئۇسلۇبىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. «ئانا تېما»غا مۇناسىۋەتلىك

ئىگە بولالمىغان بۇ ئادەملەرنى قانداق ئادەم دېگۈلۈك؟ بۇ كىشىلەر ئېھتىمال «ئىنسانلار تەبىئىتىنىڭ ئاگقا دەۋرى» دە ياشاۋاتقان كىشىلەر بولسا كېرەك.

مەن بۈگۈن، مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك خىلمۇ خىل مىسرالاردا كۆيلەنگەن شېئىر توپلاملىرىنى ئېيتۇالدىم. شۇنداقلا ھازىرغىچە مەن كۆتۈپ كەلگەن شائىرنىمۇ تېپىۋالدىم. بۇ شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى. بۇ شېئىرلار ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ شېئىرلىرىدۇر.

چېكىنىپ پىكىر قىلىمەن.

گېگىل: ياۋايى مىللەت ھېسسىياتچان كېلدۇ، - دېگەن ئىدى.

سىدىقھاجى روزى: «ياۋايى مىللەت شائىر بولىدۇ»، - دەيدۇ. جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنىدا ھېچ قانداق پەرق يوق. بۇ يەردە شېئىر ھېسسىيات، ھېسسىيات، شېئىر، - دېگەنلىكتۇر. چاكىنا ھېسسىياتنى قاپىيە - مىسرالارغا قاچىلاپ يۈرگەن، يازغان كىشىلەرنى كىم، قاچان، قەيەردە شائىر، - دېگەن ئىدى؟ شېئىرنى ھېسسىيات ئىپادىلەيدىغان ۋاستىگە ئايلاندۇرغان بۇ كىشىلەر «چاچلىرىڭدىن ئايلىناي، قاشلىرىڭدىن قايرىلاي»، - دەپ قوشاق قوشۇپ يۈرسە، ھازىرغىچە مىللىي ھېسسىياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئايرىملىق ئىچىدە مىللىي ھېسسىياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئومۇملاشتۇرغاندا يەنە مىللىي ھېسسىياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، شېئىرلاردا قانداق ئىپادىلەش كېرەكلىكىنى بىلمەي يۈرسە، بۇ كىشىلەرنى بىر توپ ياۋايىلار دېمەي زادى نېمە دېگۈلۈك؟!

قىلغان شائىر ئىدى. يۇقىرىقى ئالەمشۇمۇل يازغۇچى - شائىرلار ئەسەرلىرىدە بەدىئىي مەقسەتكە ئايلانـدۇرغان تېمىلار ئىدېئولوگىيىلىك تېمىلار بولماي نېمە ئىدى؟

- ئەپـــەندىم، ماۋزېـــدۇڭنىڭ ماۋزېدۇڭچـــە ئىدېئولوگىيىسى بـار ئىـدى، سـتالىننىڭ سـتالىنچە ئىدېئولوگىيىسى بار ئىدى. ئۇيغۇر بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن يۇقىرىقى ئىدېئولوگىيىلىك مەقسەتلەردىن يىراق تۇرسىڭىز، ئەلۋەتتە، ئالقىشلايمەن ئەپەندىم!

ئۇيغـــۇر ئىدېئولوگىيىســـى مىللـــەتچىلىك، ۋەتەنپـەرۋەرلىكتىن ئىبـارەت تـۇرۇپ، ئىدېئولوگـىيە ئۈچـۈن شـېئىر يازمايمـەن، ئـەدەبىيات ئىدېئولوگـىيىدىن يىـراق تـۇرۇش كېـرەك، دەپ ئېيتـمىنـدۇر شـېئىر، - دەپ يېـزىپ شائىر بولماقچى بولغان كىشى ئاۋۋىلىدە ئۇيغۇر بولۇشتىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. ئـەدەبىياتنىڭ ئىدېئولوگـىيىدىن يىـراق تۇرۇشـىنى تەشـەببۇس قىلغـان كىشـىنىڭ تەشەببۇسـى ئەمەلىيەتتـە دەل ئىدېئولوگـىيىلىك تەشەببۇستۇر.

يېقىنـدا كومپيـوتېر بەتلىرىـدە «شـېئىردا ئىدىيـە بولمايدۇ»، دېگەن گەپلەرنى ئوقۇپ ھەيران قالدىم. بۇ نېمە گەپ؟ يەنە بۇ كىشى شائىر ئىكەن، ھەر قانداق بىر كىشى بۇ كىشىنىڭ شـېئىرلىرىنى چۈشەنمەسمىش. بـۇ كىشـى «ئۇرۇمچى ئىپپىتىنى ساتقان شەھەر»، دەپ ماۋزۇ قويۇپ شـېئىر يېزىپتـۇ. قـويغان ماۋزۇسـىدا ئىدىيـە بولغـان تۇرۇقلۇق يازغان شـېئىرىدا ئىدىيە بولماسلىقى بۇ قانداق گەپتۇ؟! بىز ھازىر ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچى ياشلارنى ئىزدەپ يۈرسەك، ئۇيغۇرلاردىن ئەقىل ئىزدەپ يۈرسەك، ئەقىلغۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا، ئەقىلغا قول بولۇش سالاھىيىتىگىمو

گۈزەللىك مەلۇم ئالاھىدە ھېسسىياتقا تايىنىپلا قالماي شۇنداقلا مەلۇم ھۆكۈم قىلىش كۈچى ۋە نوقتىئىنەزەرلىك پائالىيەتلەرگىمۇ تايىنىدۇ»، - دەيدۇ.

گۈزەللىكنىڭ زوقلىنىش يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرگە تايىنىدىغان بولسا، گۈزەللىك يارىتىشمۇ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرگە تايىنىدۇ. يەنى گۈزەل يېزىلغان بىر پارچە شېئىردىمۇ چوقۇم ھۆكۈم قىلىش كۈچى بولۇشى كېرەك.

ئۆتتى يىللار، قىساس ئۆلمەس، باقى ئەمەس زۇلمەت تۈن!

چىقار بىر كۈن مەڭگۇ پارلاپ، خانتەڭرىگە چۆككەن كۈن!

شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى خىتاپ قىلدى! ھۆكۈم قىلدى! «خانتەڭرىگە پاتقان كۈن»،- قايسى «كۈن» ئىدى؟ مۇستەقىللىق ئىدى! جاڭجېشى - ستالىن ئىككى دۆلەت «مۇسكۋا يىغىنى» ئارقىلىق 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىقىنى پاتۇرۇۋەتكەن، قەيەرگە؟ ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىقى ئۆرلەپ چىققان زېمىن - خانتەڭرىگە پاتۇرۇۋەتكەن.

مۇستەقىللىق، - بۇ، ئىشەنچ دېگەنلىكتۇر. كۈلكىلىك بىر ھادىسە شۇكى، بەزى كىشىلەر خۇداغا ئىشىنەرمىش، ئەمما، ئۇيغۇرىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ئىشەنمەسمىش، بۇ قانداق مەنتىقە! ئۇيغۇرىستاننى تارىختا ھەرقانداق كۈچ مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ بەرگەن ئەمەس. پەقەت شۇ دەۋرنىڭ ئۇيغۇرلىرى قولىغا قورال ئېلىپ، قوراللىق كۈرەش يولى ئارقىلىق بۇ زېمىندا مۇستەقىللىق جاكارلىغان! جاھانگىر دۆلەتلەر

پەيلاسوپلار، پسخولوگلار ھېسسىيات بىلەن ئەقىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى، مەنىۋى ھادىسىلىق ئالاھىدىلىكىنى ھازىرغىچە تەتقىق قىلىپ كېلىشتى، ياكى ھېسسىياتقا ئۈستۈۋار بېرىپ ئەقىلنى تاشلىۋەتمەي ياكى ئەقىلغا ئۈستۈۋار بېرىپ، ھېسسىياتنى تاشلىۋەتمەي، ھېسسىياتقا تەئەللۇق نەرسىلەر يوشۇرۇن ئاڭغا مەنسۇپ بولدى. ئىدراك ۋە ئەقلى تەپەككۇرغا مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەر ئەقىل ياكى ئەقىلچىلىك بولدى. بۇ ئىككى خىل ھادىسە سىياسەت، دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات قاتارلىق ساھەلەردە ئوخشاشلا ئوبرازلىق تەپەككۇر، ئابستىراكىت تەپەككۇر شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بىر ئوبيېكت ئۈستىدە ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلىنىڭ پىكرى مۇناسىۋەتلىرى قانداق بولىدىغاندۇر؟ ئابستىراكىت تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە بىر ـ بىرىنى شەرت قىلامدىغاندۇ؟ بىلمەيمەن. ئەمما ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن ئابستىراكىت تەپەككۇرنىڭ تەپەككۇر جەريانىدا ھەمكارلىشالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ كازىرىر: «ئەگەر گۈزەللىكنى زوقلانماقچى بولساق سەنئەتكار بىلەن ھەمكارلىشىشىمىز كېرەك. سەنئەتكارنىڭ ھېسسىياتىغا ھېسداشلىق قىلىپلا قالماي، سەنئەتكارنىڭ ئىجادى پائالىيىتىگە قاتنىشىشىمىز كېرەك. ئەگەر سەنئەتكار بىزنىڭ سالاھىيىتىمىزنىڭ پائالىيەت ئۇقتىدارىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىخۇتلاشتۇرالايدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ـ ئۇ، بىزنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇمىزنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىخۇتلاشتۇرالايدۇ. گۈزەللىكنى تەسىرلىنىش ـ جانلىق شەكىللەرنى تونۇش ئارقىلىقلا يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى

قەھرىمانلار قەۋرىسى چوققىلاردىن مۇئەززەم.

ھېسسىياتىمىز تاشقى دۇنيادا خىلمۇ خىل ھادىسىلەر بىلەن دۇقۇرۇشۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئىنقىلابچى شائىرنىڭ ھېسسىياتى ئۆزگىچە ھېسسىيات بولۇپ، ھادىسىلەرنىڭ سىياسى قاتلىمىغا كۆكۈل بۆلىدۇ، زەن سالىدۇ. بۇنداق زەن سېلىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە بولىدۇ؟ شائىر شەيئىلەرنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ يۈرمەيدۇ، ھاجىتى قانچىلىك؟ سوئاللار شېئىرى سەنئەت ساھەسىگە كىرگەندە بۇ سوئاللارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىمىز. چۈنكى، شېئىرىيەت ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىنى، ماھىيىتىنى سۈرۈشتە قىلمايدۇ. مەۋجۇتلۇق، تەبىئىلىك، شەيئىلەرنىڭ تەجرىبىلەر ئىكەن، خاسلىقنىڭ كەينىدىن شائىر شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ شەكلىنى تۇيۇقسىز بايقاپ قالىدۇ. بۇ شەكىللەر جىمجىت تەركىبلەرنىڭ تەركىبى ئەمەس، چۈنكى بۇشەيئىلەر ئاشكارىلىغان نەرسە ھەرىكەتنىڭ تەرتىپىدۇر. بۇ تەرتىپ بىزگە تەبىئەتنىڭ «يېگى ئۇپۇق» سىزىقىنى ئاشكارىلاپ بەرگەندە، خانتەڭرىنىڭ چوققىلىرى، قەھرىمانلارنىڭ قەۋرىسىگە سېلىشتۇرما بولۇپ قالىدۇ. قەۋرىلەرنىڭ مەنىۋى قىممىتى، ئەخلاق قىممىتى، مىللىي ئىرادىلىك قىممىتى، «چوققىلاردىن مۇئەززەم » يۇكسەك تۇرىدۇ. ئۆلۈم! ياكى كۆرۈم! شائىر، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى چەك - چېگىرىسىنى بەلگىلەپ بەرگەن.....!

ھاياتلىق كۈرەش - مۇستەقىللىق - تولىگەن بەدەللەر - كۈرەش! شائىر تەسۋىرى مىسرالار ئارقىلىق ھاياتلىق ھەرىكىتىنىڭ تەرتىپىنى ئېچىپ بەرگەن.

مۇستەقىللىق بۇ «كۈن» نى خانتەگرىگە پاتۇرىۋەتتى. مۇستەقىللىق جاكارلىغان مىللى روھمۇ خانتەگرىگە پېتىپ كەتتى. مىللى روھ پارتلاپ چىققان كۈن، - دەيدۇ شائىر شېئىرىدا، مۇستەقىللىمۇ پارتلاپ چىقمامدۇ؟ شۇڭا، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشەنگەن ئادەم ۋەتەننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ئىشەنگەن ئادەمدۇر، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، ۋەتەننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ئىشەنگەن ئادەم، شېئىرى مىسرالاردا بۇ كۈننىڭ كېلىشىنى ھۆكۈم قىلغان ئادەم - شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى ئەمەسمۇ؟

تەبىئەت ھادىسىلىرىنى شېئىرى مىسرالار ئارقىلىق سىمۋوللاشتۇرۇپ ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت بەدىئى مەقسەتنى ئىپادىلەشكە قادىر بولالىغان شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى «خانتەگرىگە پاتقان كۈن»، - دەپ ھۆكۈم قىلغاندا، ئەلۋەتتە، قۇياش يەنە خانتەگرىدىن ئۆرلەپ چىققان بولمامدۇ؟ مەغرىب بىلەن مەشرىق ئوتتۇرىسىدا پەقەت ئۇيغۇرىستان - خانتەگرىلا بار، - دىگەنلىك بولمامدۇ؟ چۈنكى، قۇياش خانتەگرىدىن چىقىدۇ، يەنە خانتەگرىگە پاتىدۇ، - دە! قۇياشنى ئوبرازلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن بۇ پىكىر، قالتىس جۈرئەتلىك مۇبالىغە ئىچىدە ئېچىپ بېرىلگەن پىكىردۇر.

بۇ يەردە شېئىرنىڭ روھى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ روھى جىپسىلىشىپ كەتكەن. شېئىرى گۈزەللىك ھېسسىياتقا ۋە ھۆكۈم كۈچىگە تايىنىپ، زوقلانغۇچىلار ئالدىدا نامايەن بولىدۇ.

قوتۇپ يۇلتۇز ياناختا، ئاقارماقتا ئۇپۇقلار،
تاڭ پەرىسى گۈل تۇتۇپ كېلەر بىر كۈن سۈبھى دەم.
قۇچاغىدا تەگرىنىڭ سانسىز ئىگىز چوققىلار،

ئايال ئەمەس ئۇ بىر مەرت ئەرەنلىككە يارايدۇ.
نامۇ ئالدى «مەھبۇسنىڭ ئايالى»، دەپ شۇ يىللار،
ئاشۇ نامدىن زوقلىنار ھەرگىز ئۇندىن تانمايدۇ.
ۋەتەننى، - دەپ يار كەتتى سۈرگۈن بولۇپ تارىمغا،
يار ئىشقىنى چىڭ ساقلاپ، چاچلىرىنى تارايدۇ.
بوسۇغىسى كۆرمىدى يات ئاياقلار ئىزىنى...
يار سۆيگۈسى دىلىدا گويا كۈندەك پارلايدۇ.
تۇنجى ئۇچۇش، ۋەدىلەر يارنىڭ ھىدى دىماقتا،
ئۆتمەي گويا ئىپاردەك گۈپۈلدەيدۇ - پۇرايدۇ.
ناگان - ناگان چۈشىدە كېلەر يارى ئىشىككە،
ئۇنى مەھبۇس ئايالى گۈل - چېچەككە ئورايدۇ.
بەزەن ھېيتتا - بايرامدا ئۆكسۈپ ئاچچىق ياش تۆكەر،
چۈنكى ئۇنىڭ بالىلىرى دادىسىنى سورايدۇ.
چوقۇم كېلەر، - دەيدۇ ئۇ قەددىنى رۇسلاپ ھەردەمدە،
شەك - شۈبھە يۇ - گۇمانىنىڭ يوللىرىنى تورايدۇ.
لېكىن ئازاپ، قايغۇلار يۇتتى قەيسەر يىگىتنى،
ئۇنىڭ مىسكىن قەۋرىنى قۇملار كۆچۈپ ئارىلايدۇ.
قۇچۇپ ياتار باغرىغا شۇ مۇقەددەس دىيارنى،
ئۇنىڭ روھى ھەر سەھەر يورۇق تاڭنى چىللايدۇ.
كېچە - كۈندۈز ئىشەنچتە كۈتەر مەھبۇس ئايالى،
ئۇزۇن يىللار ئايرىلغان يار يولىغا قارايدۇ...

شۇنداق...! تالاي يىگىتلەر... جۇگانلار... يېتىم قالدى نارىسىدىلەر! ھەممە نېمە ئۈچۈن؟ ھەممىسى ۋەتەن ئۈچۈن. بۇ شېئىردا ھېسسىياتنىڭ چىنلىق دەرىجىسى كىشىنى شۇ دەرىجىدە قايىل قىلىدۇكى، شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى شۇ كۈنلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە شۇنداق تۇرمۇشنىڭ تەمىنى، ئاچچىق - چۈچۈكىنى

شېئىرىيەتنى، ھاياتنى ياخشى كۆرىدىغان، سەنئەتنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر. سەنئەت تۇرمۇشنىڭ ئايرىم تولۇقلىمىسى ياكى گۈزەللەشتۈرۈلگەن نەرسە، دېيىشىدۇ. بۇنداق، - دېگۈچىلەر شېئىرى سەنئەتنىڭ ھەقىقى رولىنى ۋە ھەقىقى ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىگەن كىشىلەردۇر. شېئىرىيەت بىر ئىنسان روھىنىڭ، بىر ۋەتەنپەرۋەر روھىنىڭ، ياكى شائىر روھىنىڭ شېئىرى مىسرالار ۋە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق شەكىللەندۈرۈلگەن شەكلەن شەكلەن ھالەتتۇر. ئەگەر شېئىرىيەتنى - ئىدىيىلىرىمىز، تەسەۋۋۇرىمىز، غايىلىرىمىز، ھېسسىياتىمىزنىڭ ئالاھىدە خاھىش، ئالاھىدە يېگىچە پوزىتسىيەسى، - دەپ قارىمايدىكەنمىز، شېئىرى سەنئەتنىڭ ھەقىقى ئەھمىيىتىنى ۋە ئىقتىدارىنى ئىگەللەپ كېتەلمەيمىز.

شېئىر ۋۇجۇدىمىزدا بار بولغان، لېكىن غۇۋا - تۇتۇق بولغان تەسىراتلىرىمىزنىڭ چەكسىز مۇمكىنلىكىنى ۋە مىللىي ئۆچمەنلىكىمىزنىڭ رېئاللىقتا ئايلانغۇچى چەكسىز مۇمكىنلىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. سىياسىي لىرىك شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى شۇنداق ئېچىپ بەرمىدىمۇ؟

كېچە - كۈندۈز ئىشەنچىتە كۈتەر مەھبۇس ئايالى،
ئۆزۈن يىللار ئايرىلغان يار يولىغا قارايدۇ...
پەلەك سالدى جۇدالىق يارى كەتتى يىراققا،
يىغلاپ قالدى ياش ئانا كىم ئۇلارغا قارايدۇ.
كەچكۈزدىكى غازاڭدەك ئۆچتى ئاھۇ - پەريادى،
پەلەك زۇلۇم يەتكۈزدى ھەرتەرەپكە پالايدۇ.
خۇشلىقى شۇ يېنىدا بىر جۈپ گۈلى ھەمدەملىك،
ئۇلار ئۈچۈن نان ئىزدەپ، ئىشلەپ زادى ھارمايدۇ.
روزىغار غېمى، خورلاشلار يىگەلمەس ئانىنى،

بىزلەرگە، ئوقۇغان شېئىرنى ۋە جوگانغا يىگىتكە، ئۆتكىلىدۇ. بۇ قىلىدۇ. تەقدىم قىياپىتىنى بىردەك ھاياتىنىڭ مىللىي بىرخىل ئارقىلىق ئىقتىدارى سەنئەتلىك شائىرنىڭ شېئىر بولسا، بولغان ئىگە «ۋەتەن»گە «قاتلىمى» «ئۇقۇم بولىدۇ. ئىگە قاتلىمىغا ئوبراز لىرىكىلىق نۇقۇل شۇنداقلا بىرشىكە ئېچىپ بىلەن تىل نەزىرىۋى مەن نېمە؟ ۋەتەن ئېچىپ ئارقىلىق تالانت شېئىرى شائىر بولسام، قادىر بىزنىڭ قاتلىمى ئۇقۇم شېئىرنىڭ بىرىدۇ. قاتلاملىق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا نەزىرىيچىلەرنىڭ) (ياردەم چۈشىنىشىمىزگە سەۋىلىرىنى شەيئىلەرنىڭ دېگەن «ۋەتەن» ساھەسىدە نەزىرىيە - ئىلمى بىز بېرىدو. «ۋەتەن» بىرىپ بېتىپ بۇجۇرىغىچە - ئۇجۇر ئۇقۇمنىڭ شائىر ئىرشىسەك، قائىدىلەرگە - قانۇنىيەت توغرىسىدا ئەھمىيەت كۆرنىشىگە ھېسسىياتلىق ھادىسىلەرنىڭ يېتەكلەيدۇ. قايغۇرۇشقا ھەسرەتلىنىشكە، بىزنى بېرىپ، بەلكى ئاتالسمۇ، بىلىم بىرخىل شېئىرىيەت يەردە بۇ شۇڭا، ئاتالسمۇ دەپ - بىلىم خىل بىر شەكىللىك باشقا بولۇۋېرىدۇ. بارلىق گۈزەللىك،- بۇ چىنلىقتۇر.

بىز يۇقىرىدا سەنئەتكارنىڭ ئىجادى پائالىيىتىگە قانىشىشىڭ كېرەك،- دېگەن ئىدۇق. شۇنداق بولدى- مەن شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ يۇقىرىقى شېئىرىغا ھەسرەتلىك دىل بىلەن قاتناشتىم. نامىسىز قەھرىمانىمىز ۋەتەن ئازاتلىقى يولىدا شەھىد بولغان كىشى، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەددى - ھەرىكىتى ئارقىلىق قاتناشتى. ئىككى بالىسىنى يېتىلگەن جوگان - يىگىتنىڭ يولدىشى «كۆتۈش» بىلەن قاتناشتى. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇچۇن ئېتىقاندا، ھەممىمىز ئورتاق سادا — ۋەتەنپەرۋەرلىككە

تېتىپ باققان. شائىر، بۈگۈن تۇرمىدە بىللە ياتقان ئەتىسى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئېتىۋېتىلگەن سىياسىي مەھبۇسلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شائىر ئەمەسمىدى؟ يىگىت كەتتى... ئانا يارنى قۇچاغلاپ ياتتى. جۇگان ئانا كۈتمەكتە....! قانچىلىغان جۇگانلار كۈتمەكتە... يارى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدىغان ھېلىقى تاڭنى كۈتمەكتە...!

يوللار ئۇزۇن، مەنزىل يىراق. ئەگەر ئادەم ماڭىدىغانلا بولسا، مەنزىلگە يېتىپ بارالايدۇ. ئادەم ماڭىدىغانلا بولسا، مەنزىلنىڭ مۇساپىسى ئۇزارمايدۇ، بەلكى قىسقىرايدۇ. يىگىت ماڭدى، يېرىم يولدا شەھىد بولدى. قەۋرىسىنى قۇملار ئارىلاپ تۇرۇپتۇ. جۇگان كۈتمەكتە... بۇ يولدا يەنە ماڭىدىغانلارنى كۈتمەكتە... ماڭىمىز يىگىت! بۇ يولدا ماڭىمىز جۇگان خېنىم! مۇستەقىللىق ئۈچۈن بۇ يولدا توختىماي ماڭىمىز!

بۇنداق شېئىرلار قانداقتۇر تۇرمۇشنىڭ ئاددى تولۇقلىمىسى بولماستىن، بەلكى باقى ئالەم ۋە پانى ئالەم ئوتتۇرىسىدىكى ھاياتنىڭ ھەقىقى مەنزىرىسىدۇر.

بىز تەسىراتلار ئالەمىدە ياشاپ تۇرغىنىمىزدا كۆپىنچە شەيئىلەرنىڭ يۈزەكى قاتلىمىغا نەزەر ئاغدۇرىمىز، بىراق، شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى شەيئىلەرگە شائىرانە دىل بىلەن نەزەر تاشلايدۇ، قۇرۇلۇش خارەكتېرلىك، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ھاياتنىڭ سوئاللىرىغا تولۇق تۇرمۇشنىڭ سىياسى تەرىپىنى ھەم شېئىرى ھەم مىللى ھېسسىيات بىلەن ئىپىكلىق - لىرىك شېئىر شەكلىگە كەلتۈرىدۇ. شائىرنىڭ بەدىئى ئىقتىدارى مىللى ھاياتنىڭ بىردەكلىك تەرىپىگە قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ. شائىرنىڭ ھېسسىياتى مىللىي ھاياتنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپىگە قاراپ

شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ مىسرالىرى ئاددى، ئەمما، ھاياتنىڭ مۇرەككەپ قاتلاملىرىنى ئىچىپ بەرگەن، ئىپادىلەش جەريانىدا شائىر ئۆزىگە، سىياسەتكە ۋە مېتافىزىكىلىق كۈرەشكە تايىنىدۇ دە، تايىنىش شائىرنى ئىپادىلەشكە قىستايدۇ.

ئادەم ئۆزى بىلەن كۈرەش قىلغاندا (ئىچكى ئالەمدە) تاشقى دۇنيا بىلەن كۈرەش قىلغاندا كۆپ ھاللاردا دارۋىن ئىيتقاندەك كۈرەش قاتلىمىغا دۇچ كېلىپ قالىدۇ. بەلكى ئۇيغۇر بۇگۈن شۇنداق كۈرەشكە، مۇھىتقا كىرىپ قالدى. خىتايغا ماقۇل بولۇپ باش ئىگىپ قۇل بولۇش ياكى خىتايغا قارشى كۈرەش قىلىپ ھالاك بولۇش ياكى غەلىبە قىلىش - ئەركىنلىك، ئۆزگەرمەيدىغان مۇقەررەر كۈرەشنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە دۇچ كەلدى. ئەبەدى تاللىغۇچى ئىچكى ھېسسىيات، بۇرۇختوملۇق ئىچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان رىئاللىققا دۇچ كەلدى. پەقەت ئىنساننىڭ روھى، ھەر قانداق سودىلىشىشنى رەت قىلىپ، مۇرەسسەگە ئىشتىرگۈچى ھەر خىل مۇھىتقا قارشى، ئۆزىنىڭ جاسارىتىگە ۋە چىدام غەيرىتىگە، بىلىملىرىگە، ئەقىل بىلەن تەجرىبەلەشتۇرۇلگەن كۈرەش سەنئىتىگە تايىنىپ كۈرەش قىلىدىغانلا بولسا، ھەر بىر ھەقىقى ئۇيغۇر بۇ كۈرەشتە غەلىبە قىلالايدۇ.

«بىر كۈنى» ماۋزۇلۇق شېئىرنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئادەم شۇنداق ياشىغاندىلا، ئادەم ۋەتەنپەرۋەر شائىردەك ياشىغاندىلا، بۇ ئادەم بۇ كۈرەشتە يېڭىپ چىقالايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولالايدۇ. ھەقىقى ئادەم ھەقىقى ئىنسان روھى بىلەن ياشايدۇ. مىللەتنىڭ

قولاق سالدۇق. كۆڭۈل بۆلدۇق. ئۆزىمىزنى بېغىشلىدۇق. شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى ھەممىمىزنى «ھەمدەردلىك تەسەۋۋۇر» ئىچىدە بىر تەنگە، بىر جانغا ئايلاندۇردى. شېئىرى گۈزەللىكنىڭ ھەقىقتى بۇ يەردە شەيئىلەرنى نەزىرىۋى تەسۋىرلەپ بېرىش ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلمىدى، بەلكى شېئىرى گۈزەللىك، «ھەمدەردلىك تەسەۋۋۇر» ئىچىدە ئېچىپ بېرىلدى.

شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى مەقسىتىگە ئېرىشكەن بولدى، نەزىرىيە ۋە گۈزەللىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل ھەقىقەت قارىشى بۇ يەردە بىر - بىرىگە ئوخشىماي قالدى. لېكىن ھەرگىز بىر - بىرىگە قارشى زىددىيەتلىك بولۇپ قالمىدى. چۈنكى، بۇ يەردە شېئىرى سەنئەت بىلەن ئىلمى نەزىرىيە بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان تەكشىلىكتە ھەرىكەت قىلدى. شۇڭا، زىددىيەتلىك قارىمۇ قارشى بولماي قالدى. «ئۇقۇم قاتلىمى» ۋە «ئوبراز قاتلىمى» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى شۇنداقتۇر.

زالىم پەلەك كۆزلەردىن ئاققۇزدى قان بىر كۈنى،
شۇندىن باشلاپ ماكانىم بولدى زىندان بىر كۈنى.
مىڭ دوزاخنىڭ ئازاۋى دۈچ كەلسىمۇ زىنداندا،
باش ئەگمىدىم جاللاتقا سۆزلەر ۋىژدان بىر كۈنى.
ئەركىنلىكتۇر شۇئارىم، چاچتىم ئوتلۇق ئۇچقۇنلار،
بۇ قاراڭغۇ زېمىندا يانار گۈلخان بىر كۈنى.
نېسىپ بولار يا بولماس تاڭ جىلۋىسىن بىر كۆرمەك،
نېمە ئارمان تاڭنى، - دەپ بولسام قۇربان بىر كۈنى.
كۆمۈلسەمۇ تۇپراققا روھىم كېزەر شاتلىنىپ،
ئازات ۋەتەن باغرىنى گۈلى خەندان بىر كۈنى.

# ئالدانغان ئۈمىد

(1953 -1957 - يىللار)

ئىستىقبالىدىن قايغۇرىدۇ. ساختىپەز ئادەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە «شەرەپلىك ساختىپەزلىك» ئىچىدە ياشايدۇ.

جۇرئەتلىك ئادەم مىللىتىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىدۇ. شېئىرى تەپەككۇر قىلىدۇ. نەزرىيۋى تەپەككۇر قىلىدۇ. بىراق، ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدى. تارىختا ئۇيغۇرنىڭ پاجىئەسى تەپەككۇر قىلمايدىغان مەنبەدىن باشلانغان ئىدى. ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى يەنە شۇ مەنبە ئىچىدە ئاخىرلىششى كېرەكمۇ؟؟؟

شائىر ئەخمەت ئىگەمبەردى، ياق! دەپ جاۋاب بەردى! 2005 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ماگا ئەڭ خۇشاللىق بىر كۈن بولدى. ئايالىم رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىپ، ئامېرىكىغا كېلىش ئۈچۈن بېيجىڭدە ئايروپىلانغا چىقتى.

ئىككىنچى خوشاللىقىم ئۇستازىم توغرىسىدا يېزىلىدىغان ماقالەم يېزىلىپ پۈتتى. بۈگۈن ۋاشىنگتون ۋاقتى ئۈچتىن كېيىن ئايروپىلاندا ئولتۇرغان خېنىم رابىيەنى ئويلاپ ئولتاردىم. بىراق، قەلەم توختىمىدى. تىترەپ تۇرغان قولۇم بىلەن ئۇستازىم توغرىسىدا ماقالەمنى يېزىپ پۈتتۈردىم.

مەن نېمە دېگەن بەختلىك ئادەم!

ئاللاھ ئەجر قىلغۇچىنىڭ ئەجرىنى يەردە قويمايمەن،- دېگەن ئىدى.

بىر مۇساپە ئاخىرلاشتى، ھاياتنىڭ يېڭى مۇساپىسى باشلاندى.

غەيرەت قىل؟ سىدىقھاجى روزى

2005 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋاشىنگتون

# كۈز

ھاۋا تۇتۇلۇپ، بۇلۇتلار ئۇزۇپ،
يامغۇر يېشىننى باشلاپ كەلدى كۈز.
ئېتىزلىقلاردا بۇغداي ئورۇلۇپ،
پەقەتلا قالدى دالىلار تۇپتۇز.

«قۇۋ - قۇۋ» دېيىشىپ قاقىرلار ئۇچۇپ،
كەتمەكتە بۈگۈن ئىسسىق ياقلارغا.
خۇددى ئەسكەردەك قاتار تىزىلىپ،
قانات قېقىپتۇ شۇ يىراقلارغا.

قۇرۇت، قوڭغۇزلار ئالدىراش شۇدەم،
كۈزنىڭ سوغىدىن دىرەك بەرمەكتە.
تىكەنلىك كىرپە قىشنىڭ غېمىن يەپ،
يوتقانلىق ئۈچۈن غازاڭ تەرمەكتە.

سوغاق دەستىدىن دەرەخ بىچارە،
بېشىنى ئېگىپ پىچىرلىشىدۇ.
دولقۇندەك ئۇرغان كۈزنىڭ شاملى،
ئاجىز دەرەخنى غىچىرلىتىدۇ.

غۇيۇلداپ ئۇچقان كۈزلۈك شامالار،
كېلىپ ئۇرۇدۇ خۇددى دولقۇندەك.

[illegible]

2005 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋاشىنگتون

## ئۈزتىش

قۇياش نۇر چاچقان يېشىل دالىدا،
باھار شاملى چىمەننى سۆيگەن.
قول تۇتۇپ قاتار باراتتى شۇندا،
ئىككى ياش يۈرەك ھېسلارغا چۆمگەن.

ئۇزاقتىن – ئۇزاق تويماي تىكىلىپ،
قارار ئىدى قىز يىگىت كۆزىگە.
يىگىت يېزىدىن بۇ دەم ئايرىلىپ،
باراتتى ئۇلۇق ئارمىيە سېپىگە.

«ئاقبوز ئات» كىشنەپ، چولۋۇرنى سىلكىپ،
ئەركىلەپ كېلەر يىگىت ئىزىدىن.
سويگۈ قىسسىسى كۆپ داۋام قىلىپ،
توختىدى يىراق بېرىپ يېزىدىن.

«خوش ئامان قالغىن، سويگىنىم رەنا»
— دېدى، ئۇ يىگىت يارىغا قاراپ.
گۈزەل ياشلىقنىڭ ئوتلۇق ھېسلىرى،
ئوت بولۇپ ئۇنىڭ بويىغا تاراپ.

«كۈتكىن ئامرىغىم، كۈتكىن سەن مېنى،
غەلىبە بىلەن قايتىمەن بىر كۈن.

سوغىنىڭ دەستىدىن كەڭ داللارمۇ،
بولۇپتۇ ئاپپاق قەغەز يايغاندەك...

ئالەم ھۆكمى شۇ ـ پەسىللەر مېھمان،
كۈزنىڭ كەينىدىن ئاپپاق قىش يېقىن.
مەيلى قىش، يېزى ماڭا بىر جەننەت،
ھەممىدىن قىممەت بۇ ئانا زېمىن.

1953 – يىل 14 – ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

بۇ يولدا جۇپ- جۇپ ئەجەپ ئىز قالدى.
چۆمۈپ يالقۇنلۇق ھېس ۋە پۇراققا،
كۆزى مۆلدۈرلەپ گۈزەل قىز قالدى.

1955 - يىل، ئۈرۈمچى

ئانا ۋەتىنىم تاپشۇرغان ئىشنى،
شان- شەرەپ بىلەن بىجىرىپ پۈتۈن.»

شۇ سۆز بىلەن تەڭ كۆزلىرى يېنىپ،
يىگىت باغرىغا باستى يارىنى.
كىرپىك قاققىچە ئۆتكەن تاتلىق دەم،
چېرتىپ ئۆتتى شوخ يۈرەك تارىنى.

«باتۇر بول جېنىم، ۋەتەننى قوغداپ،
كەلگەندە كۆرەي كۆكسۈڭدە مىدال.
مەنمۇ ئىشىمدىن ئۆنچىلەر تىزىپ،
ئالدىڭغا چىقاي گۈل تۇتۇپ خۇشال.»

سۆزىنى ئېيتىپ تەبەسسۇم بىلەن،
قىزىل ياغلىقنى بەردى يارىغا.
يېزىلدى قىزنىڭ ئۆتكۈر سۆزلىرى،
جەسۇر يىگىتنىڭ يۈرەك باغرىغا.

ئاخىرقى قېتىم يارغا قول بېرىپ،
يىگىت خوشلىشىپ مىندى ئېتىغا.
ئۈزۈتۈپ ئاستا قول پۇلاڭلىتىپ،
ئامرىغى قالدى يېزا چېتىدا.

«ئاقبوز ئات» ئۇچۇپ كەتتى يىراققا،

شوخ يۇرەكنىڭ سۆيگۈ رىشتىسى،
چىگىلگەن شۇ ھەر غالىپ يىلغا.

يۇرەكلەردە ئۈمىد گۈللىرى،
ھەر تاڭ بىلەن بىرگە ئېچىلغان.
كىچە ئەمەس ئۆلكە تۈنلىرى،
كۆك يۇلتۇزى يەرگە چېچىلغان.

شۇ شاتلىقنىڭ ئەكسى جىلۋىسى،
قەلبىم ئارا شۇنچە يايرايدۇ.
تاشقىرىدا قىشنىڭ شاملى،
دەرىزەمنى چېكىپ سورايدۇ.

«نېمە مۇنچە سەبى بالىدەك،
ئانا يەرنىڭ يۈزىدە كۈلكە.
شاتلىق كېزەر يېشىل باھاردەك،
شۇنچە خۇشال بۇ گۈزەل ئۆلكە؟

قىشقۇ ھازىر دەھشەت زىمىستان،
قار ئايلىنار، پىقىرار قۇيۇن.
ئادەملەرچۇ؟ ھېچ چەكمەس پۇغان،
قىش مىسالى ئۇلارغا ئويۇن.

مەن ئۆتكەندىم تالاي سىردىشىپ،

# قىش

قار لەپىلدەر سامادا چەكسىز،
ئۇچقۇنلىرى كۆكنى قاپلىغان.
دالا بويلاپ قالدۇرغان بىر ئىز،
نەگە باقساڭ ئاپپاق داستىخان.

تاغ- ئېدىرلار ئاپپاق تون كىيىپ،
كۆمۈچ تۇمان قۇچىغىدا مەس.
باشنى قويۇپ، گەۋدىنى كېرىپ،
شېرىن ئۇيقۇ كۆزىدە پەۋەس.

دەرەخزارلىق ئاق ياغلىق ئارتقان،
تال- تال چاچلىق ئاپپاق بېشىغا.
شېرىن زوۋۇقتا خىيالغا پاتقان،
شاتلىغى بار پىچىرلىشىدا...

كۆك پەرىسى ماموق يۈزىنى،
ئاق ئۇپپىدا يۇيىدۇ بىغەم.
كەڭ دالىغا يېيىپ تورىنى،
ئاق ئىپەكتىن توقۇيدۇ گىلەم.

تەبىئەتنىڭ نازۇك تۇيغۇسى،
تۇمار بولۇپ پۈكۈلەر دىلغا .

# گۈلچى قىز

يۈرەك ئۇينار شاتلىقتىن تېشىپ،
كۆزلىرىمدە سۆيگۈ ئۈچقۈنى.
تارتتى شۈ چاغ ئالدىمدا يېنىپ،
مۈھەببەتىنىڭ يورۇق چولپىنى.

نۇرى شۇچاغ پارلاپ قەلبىمدە،
دىل رىشتىنى چالاتتى ئويناپ.
شۈ چولپاننى ئەسلەپ دىلىمدە،
كىردىم باققا ئېرىقنى بويلاپ.

بۈ گۈزەل باغ گۈللەرگە تولغان،
باھارلارنىڭ كېيىپ ھۆسنىنى.
ئەنە بۈلبۈل گۈللەرگە قونغان،
كۆيلەر باغنىڭ گۆزەل كۆركىنى.

كۆزۈم مەپتۈن، قەلبىم گويا مەست،
قاي گۈل ياخشى ۋە يۈرەك خىلى؟
گۈللەر تۈرار ئېچىلىپ پەۋەست،
گۈلنى ئۈزمەك كۆڭلۈمنىڭ سىرى.

قول ئۇزاتتىم نازۇك شېخىغا،
ئۈزمەك بولۈپ غۇنچىدىن بىرنى.
چىقتى بىر قىز گۈلدەكلا گۈزەل،
ئالغان ئىكەن گۈلنىڭ ھۆسنىنى.

قىش بوزىكى ـــ شۇ غەمكىن يەرگە.
قار ياغاتتى ئۆلۈم چىللىشىپ،
چىقىراتتى دەھشەتلىك شەپە.

ئەمدى باقسام قىشلار باشقىچە،
ئېيتقىن يىگىت شۇڭا قەلبىم لال؟»
جاۋابىمنى شاتلىققا يولداش،
ئاڭلا سۆزنى، ئەي مەغرۇر شامال.

بۇ ئۆلكىدە يىلدا تۆت پەسىل،
ھەر بىر پەسلى باھاردىن قالماس.
كۆنلەر يورۇق شۇنچىمۇ ئېسىل،
بىر قۇياش بار نۇرى ھېچ سۇنماس.

كۆكتە قۇياش گاھى پاتىدۇ،
ئالتۇن نۇرى توسۇلۇپ داغدا.
بىر قۇياشنىڭ نۇرى ئاقىدۇ،
دىل سېغىنسا مەيلى ھەر چاغدا.

شۇڭا قەلبىم باغلىرى چىمەن،
ئۇندا ياغماس لەپىلدىگەن قار.
شۇ ئۆلكىدە كۈلۈپ ئۆتىمەن،
قىشلىرىمۇ ماڭا بىر باھار.

1957 ـ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

# ۋەتەن ئىشقىدا
(1957 - 1961 - يىللار)

قولىقىغا قىزىل گۈل قىسقان،
ئەمدى بىلدىم گۈلچى قىز ئىكەن.
«توختاڭ، - دېدى تەبەسسۇمدا قىز، -
قولىڭىزغا كىرمىسۇن تىكەن.

ھەر بىر يۈرەك گۈلگىمۇ ئاشنا،
بىلىش كېرەك گۈلنىڭ قەدرىنى.
تەرلەر تۆكۈپ، مىدالار تاقاڭ،
تېتىپ كېلىپ مېھنەت ئەجرىنى.

شۇندا بېغىم سىزگە كەڭتاشا،
بىر جەرەندەك ئۆتىسىز يايراپ.
مەن قىزىل گۈل، سىز بۇلبۇل گويا،
كۆنلەر ئۆتەر خوش بولۇپ سايراپ.»

قىز سۆزلىرى ئويغان نەقىشتەك،
گۈللەر تېرىپ قالدى دىلىمدا.
قىزنىڭ شەرتى نۇرلار ماياكتەك،
قىيىق بولۇپ ئۆزۈپ قېنىمدا.

گۈدۈك چېلىپ ھەرتاڭ، ھەر سەھەر،
ۋۇجۇدۇمنىڭ ئاتاپ بارىنى.
مىدال تاقاپ بىر كۆرسەم دەيمەن،
گۈلچى قىزنىڭ ئاي دىدارىنى.

1957 - يىل 7 - ئاپرىل، ئۈرۈمچى

## ... يوللار، يوللار

يوللار، يوللار سۆيگەن ئېلىمدىن،
ئايرىۋەتتىڭ مېنى ئۇزاققا.
بىراق نامى چۈشمەس تىلىمدىن،
يۈرەك يانار ئىشقى پىراقتا .....

1957 – يىل 25 – ئاۋغوست ياركەنت – قازاقستان

قولىغا قىزىل گۈل قىستۇرۇپ،
[illegible] گۈلچى قىز [illegible]،
[illegible]
[illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible] قىزىل گۈل [illegible]
[illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible] تۈرار [illegible]
[illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

1957 - يىل 7 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى

زور ئىشقىمنى لەۋھە قىلىپ تۇت.

كېلەر باھار كۆزۈم يولۇڭدا،
تەلمۈرىمەن قانات قېقىپ كەل.
شۇ جېنىمدىن، سۆيگەن ئېلىمدىن،
ئىسسىق سالام، سوغا ئېلىپ كەل!

1957 – يىل 27 – سىنتەبىر، تاشكەنت

## تۇرنىلار ئۇچقاندا...[1]

تۇرنا - تۇرنا قانات تىزىلىپ،
قاياقلارغا سەن قىلدىڭ پەرۋاز؟
يۈرۈكۈمدە قالدى يېزىلىپ،
سېنىڭ سوغاڭ - خوشال بىر ئاۋاز.

ئاۋازىڭدىن تايلىقلا ئۇقتۇم،
غازاڭ تاشلاپ كەتتىڭ بۇ يەردىن.
ئېلىم تەرەپ كەتتىڭ جەنۇپقا،
«سالام!» ئېيتقىن ئېلىمگە مەندىن.

ۋاقىرسامۇ ئاۋازىم يەتمەس،
تەلمۈرۈپلا قالدىم شۇ كۆككە.
خىيالىمدىن ھېچ ئېلىم كەتمەس،
مۇھەببىتى يانار يۈرەكتە.

قانات قېقىپ چىمەنزارلاردىن،
كۆيلىرىمنى قوشاق قىلىپ ئۆت.
ئاق بوغدىنغا قەلبىم گۈلىدىن،

[1] بۇ شېئىر نالىم، شائىر م . ھەمۋايۇف تەرىپىدىن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1958 - يىلى تاشكەنتتە چىقىدىغان «شەرق يۇلتۇزى» ناملىق رۇسچە ئەدەبىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان.

## سىغىنغاندا .....

كېچە كۆردۈم سېنى چۈشۈمدە،
ھېسياتلىرىم بىر سەندە مېھمان.
ئولتۇرىمەن ئىخ سېنىڭ ئىشقىڭ،
خىيالىمنى ئەسىر قىپ جانان.

كۆز ئۆگۈمدىن كەتمەيدۇ قەددىڭ،
ئەسلەيمەنمەن تويماي ھۆسنىڭگە.
قەلبىم — ئاسمان، سېنىڭ ھىجرانىڭ،
يۇلتۇز بولۇپ يانار كۆكسۈمدە.

كۆنلەر ئۆتەر شۇ بولار تەكرار،
خاھىشى شۇ كۈندە قەلبىمنىڭ..
تاڭ كۈلسىمۇ، يۇلتۇزلار پارلار،
چىراقلىرى ئۆچمەس دىلىمنىڭ...

كېچىلىرى تەلمۈرۈپ ئۇزاق،
شېرىن ھېستا باقىمەن ئايغا.
مېنى ئەسلەپ چىقامسەن جېنىم،
ئىشقىم گۈلى چېچىلغان جايغا.

چىققىن شۇ چاغ يۈرەك سۆزۈمنى،
ئېيتىپ بىرەر بىرگە سىرداش تال.

# دوستۇمغا

يازغىن دوستۇم قەلبىڭدىن چىققان،
دىل سىردىشى ئوتلۇق خېتىڭنى.
سەن سۇ بەرگەن يۈرەك بېغىمغا،
گۈل قىپ تىكەي سېنىڭ ئېتىڭنى.

1957 - يىل ئۆكتەبىر، تاشكەنت

## گۈل ئەمەس ئۇ ساڭا بەرگىنىم .....

تەلمۈرگەندە قەلبىڭ سۆيۈنۈپ،
لالە رەڭلىك غۇنچە ئۈزاتتىم.
مۇھەببىتىم يار بولار، چۈنكى
يۈرۈگۈمنى گۈلگە ئوخشاتتىم.

ساقلا جېنىم كۆڭلۈڭ بېغىدا،
ياپراق يېيىپ ئېچىلسۇن پورەك...
گۈل ئەمەس ئۇ ساڭا سۇنغىنىم،
سېنى سۆيگەن ساپ ئوتلۇق يۈرەك.

1957 – يىل 3 – نويابىر، تاشكەنت

سەن سۆيگەندە قەلبىم قالغانىدى،
ئاشۇ تالغا بېرىپ خۇش جامال.

ئەگەر ماڭا ئىنتىزار بولساڭ،
ئايغا باققىن ئۇندا جىلۋەم بار.
سېغىنغاندا ئايغا كۆپ قاراپ،
مېنىڭ ئەكسىم بولۇپ قالدى يار.

ئاي ئۆتىدۇ، يىلنى قوغلىشىپ،
تۈگەر ئاخىر ھىجران كۈنلىرى.
شۇ چاغ تەشنا قەلبتە ياشار،
شۇ ۋىسالنىڭ ئىللىق گۈللىرى.

پاك مۇھەببەت ۋاپارىڭ ئۈچۈن،
سۇناقتىمەن ئىشق شارابىنى .
بۇ ناخشامدا ئاتىدىم ساڭا،
شۇ ئۆمرۈمنىڭ گۈلباھارىنى.

1957 - يىل 21 - ئۆكتەبىر، تاشكەنت

# ئابلاي كوچىسىدا

ئالمۇتا باغلىرىڭغا تەشنا كۆزۈم،
دوستلۇقتىن ئارىلغاندا شەرۋەت ئىزدەپ.
گۈل ئېچىپ چىمەنىڭدە قالدى سۆزۈم،
شۇ مېھرىڭ چاقىرغاندا مېنى دەستلەپ.

كەلدىمەن مېھمان بولۇپ شاتلىقلىرىم،
قۇيۇلدى يامغۇر بولۇپ باغلىرىڭغا.
توقۇدۇم ئاددى قوشاق ئوت يۈرەكتىن،
ئاشىق بوپ گۈلدىن گۈزەل چاغلىرىڭغا.

تۇرۇشۇڭ گۈزەل قىزدەك لىباس كىيگەن،
تاڭ نۇرى چاچلىرىڭنى ئۆتەر ئويناپ.
شوخ نازىڭ پاك قەلبىمنى يېتەكلىگەن،
ئۆتتۈممەن بويلىرىڭدىن ئۇزاق بويلاپ.

يۈرىكىم گۈزەللىكنىڭ ئىشقىدا مەست،
بىر كوچا كۆزلىرىمنى قىلدى مەپتۇن.
لىرىكا باغچىسىمۇ؟
ئاقار كۆيلەر،
كىم ئىكەن شۇ — كۆيلەرگە بەرگەن يالقۇن؟

تىكىلدىم كۆز ئوڭۇمدا پارلاپ ھەيكەل،

## ئۆنۈتما!

ئۇنۇتمىغىن كۆرۈشكەن كۈننى،
ئۇنۇتمىغىن سۆيۈشكەن تۈننى.
«سەن مېنىڭكى، مەنمۇ سېنىڭ» دەپ،
يۈرەكلەردىن چىققان شۇ ئۈننى.

1957 - يىل 28 - دېكابىر، تاشكەنت

## يىنىڭغا ئۇچسام .....

بۈگۈن يەنە سېغىنىش بىلەن،
دىل سۆزىنى تىزىمەن بەتكە.
خېتىم كېتەر ئىشقىمغا گۇۋا،
مەن قالىمەن تەلمۈرۈپ يەككە.

ئىلاج بولسا كۆك كونۋېرت بىلەن،
پىرلا قىلىپ ئۇچسام يېنىڭغا.
باغ - باغ قىلىپ لىۋىڭگە سۆيسەم،
شۇ كونۋېرتنى ئاچقان چېغىڭدا.

1958- يىل 7 - يانۋار، تاشكەنت

بىر ئۇچقۇر خىيال بىلەن ئاچتى چىراي.
شېئىرىيەت كىتابىنى قىلىپ مەشئەل،
تۇرار ئەنە ئۆلەڭ ئېيتىپ ئاقىن ئاباي[1].

ئۇيلىرى ئەسىرلەرنىڭ ئارزۇسىدىن،
يۇلتۇز بوپ يېقىلىپتۇ ئالا تاققا.
ئاباي يوق، لېكىن كۆيى مەڭگۈ باقى،
بۇلبۇلدەك ئاشنا بولۇپ ئاشۇ باققا.

قەلبىم كۆي ئىشقىدىن تاشقىن دەريا،
يەلكەندەك شۇ دەريادا ئاقتى يۈرەك...
گۈل قويدۇم بار مېھرىمدىن ھۇزۇرىغا،
شائىر ئۇچۇن ھۆرمەت بارمۇ بۇندىن بۆلەك؟

قايىلمەن، زۇقلىنىمەن شائىرلارنىڭ،
قول بىلەن ئۆچمەس شېئىر توقۇشىغا.
ئارمىنىم سەللىرىدە ئېقىپ كەتتىم،
كۆي ئاققان ئاشۇ ئاباي كوچىسىدا.

1957 – يىل، ئالمۇتا

[1] قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ئاباي قۇنانبايېۋ.

ھېچ كۆزۈمگە كۆرۈنمەس ئالتۇن.
سېرىق رەڭلىك ئاددى توپىدىن،
گۈل ۋەتىنىم ئاچىدۇ قويۇن.

ئالتۇن ئەمەس مېنى ئۆستۈرگەن،
يۇرۇگۇمگە شۇ تۇپا قىممەت.
دىلدا يانار ۋۇلقان ماگمىسى،
شۇ توپىغا يانغان مۇھەببەت.

پۈتۈن ئارزۇ ئارمانلىرىم شۇ،
تا مەڭگۈگە قالسام يېرىمدە.
سۇغارسامدىم دەشت- چۆللىرىنى،
پىشانىدىن ئاققان تېرىمدە.

1958 – يىل 15 مارت، تاشكەنت

# ۋەتەن مۇھەببىتى

يوللار، يوللار گاڭ ئۈمىد بىلەن،
ئايرىۋەتتىڭ مېنى ئېلىمدىن.
بۇ ئايرىلىش ۋاقىتلىق ھىجران،
ۋەتەن ئىشقى ئۆتتى جېنىمدىن.

يىراقلاشسام گويا بىر قەدەم،
ئىشقىڭ قولى قەلبىمنى تۇتار.
يول ئۈزەلمەس سېغىنىشنى ھەم،
شۇڭا چاگقاپ خىيال قۇشلىرىم،
ئارزۇ بىلەن شەرققە ئۇچار.

قۇشلار كېلەر شەپەقنى سۆيۈپ،
لىق تولدۇرۇپ دىلىمغا ھېسنى.
گاھ باسمەن كۆزۈمگە سۈرتۈپ،
يالدامىلىق ئالغان تۇگۈچنى.

ئانام بەرگەن قىممەت تۇگۈچتە،
يا يالتىراق ئالتۇن بارمىكىن؟
«سېغىنغاندا ئوغلۇم يېيسۇن» دەپ،
يېشىل ئۈزۈم، قاق سالغانمىكىن؟

ئاچقىنىمدا باشقىچە بىر ھال،

تەرگەن پاختام يۇزلىگەن قوچاق.
تەلىيىممۇ قوش بوپ تۇغۇلدى،
كۆز قىسقاندا شۇ ئېسىل قىزچاق.

كۆكتە يۇلتۇز بەختىمدىن كۈلەر،
يۈرەكلىرىم قايغۇدىن يىراق.

پاختا تەرمەي يۈرىمىز، لېكىن،
ئىشق گۈلىنى تېرىشىپ بىراق.

1958- يىل 18- مارت، تاشكەنت

## باختىغا تەردىم ...

كەڭ دالىنىڭ ئەكسى ئاسماندا،
كۆمۈچ ئوخشاش جىلۋىلىنەر نۇر.
«ئاق ئالتۇن» نى تېرىپ ئېتىزدا،
شاتلىق بىلەن كۆلىمەن مەغرۇر.

قولۇم ئوينار كۆسەك بىلىدە،
كۆزۈم ئىستەر سىرداشقان كۆزنى.
مانا قىزچاق كۆلكە لىۋىدە،
ئۆتتى ياندىن تەۋرىتىپ سۆزنى.

«خەپ!» دېدىم ـ دە، كايىپ ئۆزەمگە،
ئەلەم بىلەن چۈشتۈم ئارقىدىن.
ھەر بىر پاختا، شۇ يار كۆزۈمدە،
يارنىڭ ھىدىن پۇراپ پاختىدىن.

قەلبىم ئارا سويگۈ ئىسيانى،
دولقۇنلىرى كۆتەردى شاۋقۇن.
سۆز تاشلىدىم ئۇيالدۇردى قىز،
پەقەت قالدى يۈزۈمدە يالقۇن.

تۇرىمەنمەن كەچتە خاماندا،

# یامغۇر یاتقاندا ...

یەنە كۆكنىڭ شوخ پەرىلىرى،
سۇ چېچىشىپ ئۇينىغانمىكىن؟
نىمە بۇگۇن خىيال قۇشلىرىم،
ئۇزاقلارغا ئۇچتىمۇ قاراپ،
شۇ تامچىلار ھېسسىمنى قوزغاپ،
كونا يارامغا تۇز سالغانمىكىن؟

بۇگۇنكىدەك ئاق يىغىن ياققان،
قالدى ئارتتا ئاق چاچلىق يىللار.
چۈنتق مېنىپ بولۇشۇپ چاققان،
داۋان ئاشقان بىزدۇق باتۇرلار.

كۆككە بېقىپ سالاتتۇق چوقان،
«يامغۇر ياغلىق، ئەچكە ساغلىق» دەپ.
بەش مىنۇتتا خوشال پالۋان،
تال چىۋىقنى تارتىپ ئىگەرلەپ.

يۈرەك تېخى قاينام بۇلاقتەك،
خوشال ھېسلار چاچماي بەدەنگە.
ئۆيگە كىرسەم ئاچلىق ئاۋازى،
قىينار ئىدى دەھشەت - ئەلەمدە.

# باھارغا ...

تاڭ نۇرلىرى جىلۋىلىنىپ ئويناپ،
كىمدۇر ئۆتتى دەرىزەم چېكىپ.
شاتلىق ھېسسى يۈرەكنى بويلاپ.
دەست تۇردۇم - دە، ئۇيقۇلار قېچىپ.

دەرىزەمنى ئاچتىم شاتلىنىپ،
قولىنى سالدى بوينۇمغا شامال.
شامال، شامال كەپسەن يىراقتىن،
گۈل پېغىمغا كىرگۈزۈپ جامال.

پېغىم ياشنار ئاق، قىزىل چېچەك،
چاچلىرىغا غۇنچىلار تېقىپ.
بوپتۇ باغرى ياپ - يېشىل ئېتەك،
شىلدىرلىشىپ شوخ سۇلار ئېقىپ.

شۇ ھۆسنۈڭگە دىلىمغۇ مەپتۇن،
گۈزەللىكنىڭ تاجى بېشىڭدا!
يار كەلمەپتۇ سەن بىلەن بۈگۈن،
باھار تويى كۆكلەم چېغىڭدا.

ئۈمىدلىرىم تارىنى چېكىپ،
كۈندەك كۈلۈپ كەلدىڭ باھارىم.
«تىرىق- تىرىق» دەرىزەم چېكىپ،
قاچان كېلەر سۆيگەن نىگارىم؟

1958– يىل مارت، تاشكەنت

## ناخشا تېكستلىرى

## 1 ـ خامان ناخشىسى

تاڭ سۈزۈلدى شاماللار،
خەۋەر بەردى خاماندىن.
يارىم بىلەن قىزىتتۇق،
ھۇسۇل كۆيىن ھەر ياندىن.

خامان تولدى، تاغ بولدى،
چىرايلىغىم چەش باسقىن.
شەپەق رەڭلىك ئالتۇندىن،
كۆكسۈڭگە مېدال ئاسقىن.

شامال كەلدى گۈرۈلدەپ،
ھايدا سوققىن خامانىنى.
گۈللتەيلى ئاش ئېلىپ،
بەخت تاپقان زامانىنى.

1958 ـ يىل 23 ـ ماي، تاشكەنت

ياش تۆكەتتىم ئاچچىق ئۆكۈنۈپ،
دۇنيا ئىدى ماڭا بىر زەھەر.
تولغۇناتتىم نەچچە يۆكۈلۈپ،
ئۇرسا يامغۇر ئۇچۇق يەلكەمدىن.
چاقسا يامغۇر يورۇق پۈتۈمدىن،
گاھ يۈگۈرسەم خۇش بولۇپ ئەگەر.

مانا بۈگۈن ئولتۇرىمەن جىم،
شۇ ئەسلەشنىڭ ئاچچىق ئىلكىدە.
كۆز ئالدىمدا ئويىنار بىتتىنىم،
بىر توپ ئۆركەك قۇشلار- باللار،
بەخت سۆيگەن ئىنى - سىڭىللار،
نۇر جىلۋىسى ئويىنار يۈزىدە.

قەلبىم قانماس تەشنا ئېتىزدەك،
سەرۋەت ئىچىپ خوشال كۈلكىدىن.
پۈتنى نەمدى ئىقىپ لاي سۇلار،
بىرلەر ئۆتكەن ئاشۇ كوچىدىن.

ياغسۇن يامغۇر، ئويىنغىن سىڭلىم،
زامان سېنىڭ ئوماق ئازادە.
شۇ يامغۇرلۇق ئۆتكەن كۈنۈمدىن،
شېئىرىم بولسۇن ساڭا خاتىرە.

1959 - يىل 3 - ماي، تاشكەنت

## 3– جوپان يارىم
(قىز ئاغزىدىن)

يېشىل جىلغا بويىدىن،
نەي ئاۋازى ئاڭلاندى.
نېمە بولدى يۈرۈكۈم،
گويا قۇشتەك جانلاندى.

قىزلار قىزىپ سورايدۇ،
«كىملەر باردۇر ئۇ ياقتا؟»
يۈرەك جاۋاب بېرىدۇ،
چوپان يارىم يايلاقتا.

چوپان يارىم ئۇتلىتار،
پادا – پادا مىڭلاپ قوي.
شۇ قارا كۆز يار بىلەن،
قىزنىڭمىز قىشتا توي.

1958 – يىل 24 – ماي، تاشكەنت

## 2 ـ باغۇدىن قىز قوشىقى

كولخوزۇمنىڭ بېغىدا،
گۈللىدى ئالما، ئانار.
قىچقارمىغىن ئالدىڭغا،
دېھقان ئوغلى ئەزىز يار.

ئىشنى تاشلاپ ئالدىڭغا،
بارسام ئويات ئەمەسمۇ؟
كۆزنى كۆتكىن يېقىنغا،
يۈرەك چىداش بەرمەسمۇ؟

ئەگەر مېنى سېغىنساڭ،
چاپسان تولغاز خامانىنى.
سەن خاماندا، مەن باغدا،
قۇتلايلى ھەربىر تاڭنى.

ئاھ يىگىتىم ـ بوز يىگىت،
ۋەدەم تۇرسۇن يادىڭدا.
قىنىشارمىز توي قىلىپ،
ئالما چىشلەپ ئايدىڭدا.

1958 ـ يىل 23 ـ ماي، تاشكەنت

## كېچە

ئۇزۇن كېچە ئۇخلالمايمەن تىنىچ،
لالە بولۇپ قىزارغۇنچە تاڭ...
ئاھ خىيالىم، سەندىن كەتمەس ھېچ،
يۈرىكىمىز قوشماقمىكىن، تاڭ؟

1958 - يىل 4 - ئاۋغۇست، يەيسىك ... ئازوۋ دېڭىزى

# موسكۋا يولىدا

پويىز ئۇچار شامالدىنمۇ تېز،
قالدى ئارتتا سوزۇلغان يوللار.
كۆز ئالدىمدا يېيىلار ئېتىز،
گاھ ياپ - يېشىل قويۇق ئورمانلار.

كۆزلىرىم بەنت، قەلبىمدە جۇشقۇن،
شاتلىقلىرىم گويا بىر دېڭىز.
بىر ئىسمنى يادلىسام يوللار،
قەلبىم ئارا تاشلار يېڭى ئىز.

شاتلىقمنى ئېيتىمەن دوستلار،
دوستلۇق تولغان ناخشامغا قوشۇپ.
موسكۋاغا كېلىمەن دوستلار،
ئېلىم ئىشقى مېھرىگە تولۇپ.

يوللار چېكى ئۇپۇق تىگىدە،
كۆرۈنمەيدۇ يوللار پايانسىز.
قانات بولسا شۇ ئەل كۆكىدە،
ئۇچسام ئەزىز موسكۋا تامان،
قوش ئەمەسمەن ئەپسۇس قاناتسىز...

يۈرەكلىرىم تاقەتسىز، لېكىن
ئارمانلىرىم مەغرۇر قاناتلىق.
پويىزدىمەن ھازىر ئويلىرىم،
موسكۋادا كېزىدۇ ئاتلىق.

1958 - يىل 27 - ئىيۇل، كويبىشېۋ - موسكۋا

## ... غا

مۆلدۈرلىتىپ يېشىگىنى تۆكۈپ،
دەريا قىلدىڭ گويا كۆزۈڭنى.
مەيلى ئاقسۇن ئاچچىق ياشلىرىڭ،
پۇشمان يۇسۇن سېرىق يۈزۈڭنى.

يىغلىمىغىن كەتتى ئۆزەڭدىن،
«مۇھەببەتتىن» قالدىڭ بالاغا.
ياش گۈلۈڭنى خازان قىپ تۆكتۈڭ،
ھايات سۇتى سالدى سازاغا.

قىسقا لېكىن مۇھەببەت سۆزى،
قىممىتى بار شۇ دۇنياغا تەڭ...
چىن ۋاپاغا جاپا قىلمساڭ،
بەخت ساڭا ئېچىلىدۇ كەڭ...

1958 - يىل 9 - ئاۋغۇست، يەيسىك - ئارۇۋ دېگىزى

# ئازوۋ دېڭىزىدا
## (دوستۇم دولقۇن ياسىنغا)

كۆپ ـ كۆك دېڭىز تىنمايسەن بىردەم،
گاھى سەل بوپ، گاھى چايقىلىپ.
سەن كېلىسەن ئوتلۇق ناخشاڭنى،
ئەسىرلەردىن جارسېپ، ھايقىرىپ.

شۇڭا سېنىڭ شۇ دولقۇنلىرىڭ،
شۇ دوستۇمنى سالار يادىمغا.
دولقۇن ئۆرلەپ شالدىرلاپ تۇرار،
قولنى سوزۇپ كېلەر ئالدىمغا.

پىچىرلايمەن سىردىشىپ ئاستا،
دولقۇنلارغا باغرىمنى يېقىپ.
«ئارمان نېمە ئالەمدىن ئۆتسە،
كۆك دېڭىزدەك ناخشىلار ئېيتىپ.»

ئېيتقىن دوستۇم، ئېتىڭمۇ دولقۇن[1]
قەلبىڭ سېنىڭ دېڭىز پارچىسى.
ناخشاڭ قالسۇن مەڭگۇ ئۆلمەسكە،
زامانەمنىڭ بولۇپ جارچىسى.

1958 ـ يىل 8 ـ ئاۋغۇست، يەيسك ـ ئازوۋ دېڭىزى

---

[1] دولقۇن ياسىن ـ ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى، شائىرنىڭ ساۋاقدىشى ھەم دوستى.

«كېسەل» دېدىڭ ساپ- ساق يۈرەكنى.
ھېسلىرىڭنى ئېلىپ دالدىغا،
دورا بەردى، يەنە ئېيپ كەتتىڭ،
قىلالمىدىڭ شۈندىن بۆلەكنى.

ئۆزۈم ھەيران چاقماق تىلىگىنى،
كۆمدىمۇ يا تارتىنىش ھېسى.
سەن ئەمەسمۇ قايىنىغان سىخنى،
ئىككى يۈزلۈك نورمىغا باشلاپ،
داڭ چىقارغان فابرىكىنىڭ قىزى؟

ئېيتقىن چۈۋر چىن دىلدا يانغان،
سۆيگۈ ئېيتىش يىگىتكە خاسمۇ؟
ئۆز سۆيگۈگىنى يىگىتكە ئېيتساڭ،
ئەل- يۇرتىغا قەلبىنى بەرگەن،
دوختۇر ساڭا داۋا تاپماسمۇ؟

1959 – يىل، تاشكەنت

## دوختۇر ساڭا داۋا تاپماسمۇ؟

دەرىزەڭدە ئۆچمەيدۇ چىراق،
تاڭغا يېتەر نۇر چاچقان شولا.
ھەر بىر كېچە ئۆتمدۇ شۇنداق،
گۈزەل دەردىڭ شۇنچىمۇ تولا؟

گاھ ئۇستەلدە ئولتۇرىسەن جىم،
ئىشقىڭ كۆچى تۇتار قەلەمنى.
گاھ قەغەزنى قىلىپ بىر سىقىم،
سەن كۆتىسەن كېلەركى تاڭنى.

تاڭ ئاتىدۇ نۇرلىرى ئەلۋەك،
يىگىت نامى شۇ ساپ تىلىڭدا.
مانا يىگىت سۆزلەلمەيسەن ھېچ،
قۇلۇپ بارمۇ تاتلىق تىلىڭدا؟

كۆز ئالدىڭدا يىگىتنىڭ چىھرى،
قارا قاشلىق ئاق خالات كىيگەن.
ھەر كىسەلگە ئانىدەك مېھرى،
گويا تۇمار بولۇپ چىگىلگەن.

يەنە كەلدىڭ يىگىت ئالدىغا،

باھار دېمە سۆلغۇن قەلبىڭنى،
ھەر باھاردا تۇتۇپ گۈل قۇچاق.
كۆكلىمىنى شامالغا بەرگەن،
گويا سەن بىر قۇرۇق يوپۇرماق.

1959- يىل، تاشكەنت

# ئالدامچىغا

چوغلۇق تۇتۇپ ھەر باھار پەسلى،
ئۆتنىسەن كوچامنى بويلاپ.
يەنە كەلدىڭ كۆزۈڭدە ھىيلى،
يالغان سۆيگۈ ئىشقىنى ئويلاپ.

كۆز تاشلايسەن ھەر دەرىزىگە،
شۇ قەلبىڭگە بىر پاناھ ئىزدەپ.
دەرىزىلەر ئۆچمايدۇ قانات،
دەۋتىڭدىن مەڭگۈ بەزدۇق دەپ.

سەن ئۆتكەندە ئېرىقلاردا سۇ،
شاۋقۇن سېلىپ خوشال ئاقمايدۇ.
ئۈزۈن چاچلىق مەجنۇنتاللاردا،
بۇلبۇل ساڭا قانات قاقمايدۇ.

سېنى كۆرسە تالنىڭ سايىسى،
مېھر بىلەن ئاچمايدۇ قۇچاق.
ياپراقلاردا دەرتنىڭ نالىسى،
لەنەت ئوقۇپ ۋاپاسىزلىققا،
خىجىللىقتىن تۆككەندى قوۋزاق.

## ۋەتەن

«ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر.»

— مۇقىمى

ئۇلۇق ئۇمىدلەردە ئىلىم يوللىغان،
ئارزۇ قاناتلىرى ئېپ كەتتى مېنى.
ئېپ كەتتى، ھىجرانلىق دېغىنى سالغان،
ھەر مىنۇت ۋەتىنىم سېغىندىم سېنى.
شۇڭا يوللار بويى تەلمۈرۈپ قالدىم،
مېھرىڭ رىشتىسىنى يۈرەككە تاگدىم.

بىلىمەن ھىجرانىڭ چېكى بار، چۈنكى
ۋەتەننى كۆرۈشكە بوگۇنمەس، ئەتە.
ھېسلىرىم چىدامدۇ سورماي يۈرەكتىن،
شۇ ئەزىز تۇپراقنى كۆرسەم دەپ يەنە.
ئانىدەك قوينۇڭغا كۆيۈپ يانارمەن،
جان ئانا، مېھرىڭگە شۇ چاغ قانارمەن.

تاڭ ئاتار ئالتۇندەك بۇ تۇغقان ئەلدە،
شەرقتىن كېلىدۇ شۇ يولچى قۇياش.
تەبەسسۇم ئىلكىدە چاچقان زەررىدە،
ئىلمىنىڭ مېھرى بار قەلبىمگە يولداش.
شۇ نۇر يالتىرلىغان ھەر چاغ، ھەر يەردە،

## باھار يامغۇرى

يەنە يامغۇر كۆكتىن تامچىلار،
يەر كۆكسىگە تۆكۈلدى مونچاق.
ئۆزلۈگەندەك كۆك پەرىسىنىڭ،
مارجانلىرى بويىنىدىن شۇ چاغ.

باغلار ئارا يامغۇر ئىز سالدى،
بۆدرۈق شاخلار يۈزىدە شەبنەم.
بىخلار تەگگە، يېشىل تون كىيگەن،
شات ئۆلكەمنىڭ باھارى كۆكلەم.

دالا چىمەن، تەبىئەت بەھرى،
گۈلگە تولار يامغۇردىن كېيىن.
تامچە بولۇپ شېئىرلار سەترى،
ئانا يەرگە تۆكۈلسە كۆكتىن.

تۆكۈلسە ـ يۇ باھار قىچقارسا،
گۈل ئاچتۇرغان ئاشۇ يامغۇردەك،
غۇنچە تەرسە ھەربىر قەلبىگە.
رازى ئىدى شائىرنىڭ كۆڭلى،
پىشانىدىن ئاققان پاك تەرگە.

1959 ـ يىل مارت، تاشكەنت

ئاھ مەيلى ئۆتسمۇ سېنىڭسىز يىللار،
سېنى ھېچ ئۇنۇتماس شۇ تەشنا يۈرەك...
پاك غۇنچە قەلبىمگە سەن بىرلا ئەزىز،
دۇنيادا سۆيگۈم يوق سېنىڭدىن بۆلەك...
شۇڭا ۋەتەن مېھرىڭ، ئىشقىڭ مەندىدۇر،
«ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر.»

1959 – يىل نويابىر، تاشكەنت

جان ئېلىم يولداشتۇر مەن بىللە.

تۇن قىزى كۆزى بوپ كۆكتە يۇلتۇزلار،
بەس- بەستە تەلمۈرۈپ يەرلەرگە باققان.
قەلبىمدە كۈنچىلىك تارىنى چېكىپ،
يۈرەكنى تۇرتۇيدۇ قىزىق بىر ئارمان.
خۇددى يۇلتۇزلاردەك مىليون كۆز تاپسام،
ئېلىم گۈزەللىكىنى كۆرۈپ مەن قانسام.

گاھ يۈرسەم ئارىلاپ چىرچىق[1] بويىدا،
تارىم مۇقامىنى ئاڭلايمەن ئۇندىن.
دولقۇنلار ئۆرلىشىپ ئۇرسا قىرغاققا،
دىلىم سۇ ئىچىدۇ ياڭراق كۈيىدىن.
خىيالىم ئۇچىدۇ، ئۇچار قالغاچ بوپ،
تارىم دولقۇنىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ.

بۈگۈن سىبىردىمەن يېشىل ئورمانلار،
قويۇق ياپراقلاردىن تاشلايدۇ سايە.
ياپراقلار چېھرىگە كۆزۈم چۈشكەندە،
گۈل ئېلىم ھەققىدە باشلار ھېكايە.
سېنىڭ قىسسلىرىڭ ھەر دەم ئېسىمدا،
مۇھەببەت يەلكىنىڭ ئۆزەر قېنىمدا.

[1] چىرچىق - ئۆزبېكىستاندىكى بىر دەريا.

ئانام دېسەم ئەرزىدۇ، چۈنكى
ئۇ ئانامدەك بەردى ماڭا تىل.
شۇ تىل بىلەن دوستلۇق ئىشقىنى،
قويۇپ قويدى، ئۇنتۇمايدۇ دىل.

مەن ئۆسسەممۇ بوغدا بويىدا،
بۇ دوست ئەلگە بولساممۇ مېھمان.
شۇ دوستلارنىڭ مېھرى تۈپەيلى،
يۈرۈكۈمدە ياشنار گۈلىستان.

دوستلۇق سۆيگەن قايناق قەلبىمگە،
ئىككى ئانا مۇھەببىتى يار.
شۇڭا دەيمەن دىلدىن – يۈرەكتىن،
دوستلار مېنىڭ ئىككى ئانام[1] بار.

1959 – يىل 17 – دېكابىر، تاشكەنت

---

[1] ئىككى ئانا شېئىرى – شائىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان يىللىرى شۇ ۋاقىتتىكى سىياسى تەسىرلەر تۈپەيلى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەققىدە ئىككى ئانا قاتارلىق شېئىرلار سىكىلىنى يېزىپ، شۇ چاغدىكى تاشكەنت ۋە ئۈرۈمچىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا نەشر قىلدۇرغان ئىدى، كېيىن سوۋېت – خىتاي مۇناسىۋەتلىرى بۇزۇلغاندىن كېيىن بۇ شېئىرلار شائىر ئۈچۈن شائىرنى ئەيىبلەشتە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاساسى جىنايى پاكىتلار ھىسابىدا پايدىلىنىپ، شائىرنىڭ ئېغىر قىيىن – قىستاقلارغا ئۇچرىشىغا سەۋەبچى بولغان.

## دوستلار مېنىڭ ئىككى ئانام بار
(ئۇستازىم نىنا فىيودوروۋنا خالىدوۋاغا[1])

كۆز ئالدىمدا ئانام چېھرىدە،
ئۇلتۇرىدۇ كۈلۈپ بىر ئايال.
ئۆز ئانامغا ئوخشايدۇ، لېكىن
ئۇنىڭ مەڭزىدە ساغۇچ قاراخال.

ئالتۇن رەڭلىك سېرىق چېچىغا،
قىرو سالغان شۇ يوگرەك يىللار.
كىتاب تۇتۇپ كىرسە سىنىپقا،
قۇياش چىقسا گۈل ئېچىلغاندەك،
نۇرلار ئېلىپ ياشنايدۇ دىللار.

كىتابىنى يايار ئالدىمغا،
تىلىمغا تىل قوشتى شۇ ئايال.
ئانا بولدى، مەن گۆدەك گويا،
تىلىم چىقتى رۇسنىڭ تىلىدا،
گاھ ھىجىلەپ، گاھى بىمالال.

---

[1] نىنا فىيودوروۋنا خالىدوۋا . ئەسلى ئىسمى خىننە فەتتاخوۋنا خالىدوۋا،تاتار. شائىرنىڭ ئۆزبېكىستان تاشكەنت دۆلەت دارۇلفۇنۇنىدا ئوقۇغان ۋاقتىدىكى رۇس تىلى مۇئەللىمى. 1998 - يىلى ئىيۇندا شائىر 37 يىلدىن كېيىن ئۇ سۆيۈملۈك ئۇستازى بىلەن تاشكەنتتە قايتا كۆرۈشكەن ئىدى.

«بەختىم!» دەيدۇ يۈلتۇزغا قاراپ.

كەڭ ئوكيانلار، تاغلار كەينىدە،
سەن كۆرىسەن ئۇنىڭ نۇرىنى.
يوللار يىراق بولسىمۇ شۇنچە،
تۇسالمىغان يۇلتۇز يولىنى.

زۇلمەت تۈندە ئۇنىڭ نۇرلىرى،
قۇياش بولۇپ يانار لاۋۇلداپ.
بەزەن يىغلار تۈن ھۇقۇشلىرى،
ھۇجۇم قىلار شۇ نۇرغا قاراپ.

ئۆچەرمەكچۈن ئۇنىڭ نۇرىنى،
جەڭ باشلايدۇ قارا كېچىدە.
لېكىن نۇرنىڭ قايناق بۇلىقى،
كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر قەلبىدە.

شۇڭا ئۆچمەس بەخت يۇلتۇزى،
لېنىن ئۇڭا ئۆزى ئوت ياققان.
ھازىرمۇ ھەم دەم بېرىپ ئۆزى،
شۇ يۇلتۇزنىڭ يېنىدا ياتقان.

1960– يىل ئىيۇل، موسكۋا

## كرېمل يۇلتۇزى

دەرىزەمدىن مەن قارايمەن جىم،
قەلبىم كۆكى تۇشۇپ خىيالغا.
لېكىن يۈرەك ئۇينار بىتتىنىم،
ئارزۇم كۆلۈپ يەتتىم ۋىسالغا.

يۇلتۇز بولۇپ يانغان چىراقلار،
موسكۋانىڭ كۆكسىدە قاتار.
شەھەر گويا نۇر دەرياسىدا،
يەلكەن بولۇپ شاتلىقتا ئاقار.

يەردە يانغان نۇرلار ئالدىدا،
كۆك يۈزىدە يۇلتۇزلار خىرە.
قارا چاچلىق تۇن قىزى زارلاپ،
يورۇقلۇقتىن دالدىغا قاچار،
بولماس ئۈچۈن ئاڭا ئەسىرە.

باشقىچىلا يانار بىر يۇلتۇز،
كۆزلىرىمنى چاقار جىلۋىسى.
مەن كۆرىمەن ئۇندا ئىنسانىنىڭ،
ئارزۇلىرى، بەخت، كەلگۈسى.

يۇلتۇز پارلار ئەلۋەك نۇرلىرى،
يەر يۈزىگە كېتىشكەن تاراپ.
نۇرغا ئاشنا مىليون جۈپ كۆزلەر،

## بوچتالئونغا

يەنە بۈگۈن پوچتىدا ئۆزۈم،
خەت كۈتمەن يىراق ئېلىمدىن.
خەتلەر ئۆزرە تاشلىنار كۆزۈم،
سۆز تۆكۈلەر تەشنا تىلىمدىن.

— خەت بارمىكىن، ياش پوچتالئون،
باش سىلكىيدۇ رەنجىپ مېنىڭدىن.
كېلىۋېرىپ پوچتىغا ھەر كۈن،
دەر كۆزلىرى بەزدۇق سېنىڭدىن.

رەنجىمىگىن، سەنمۇ بىلسەن،
ۋەتىنىڭدىن ئايرىلغان چاغدا.
ئىچ ئاغرىتىپ مېنى ئەسلەرسەن،
ھىجران ئۇتى كۆيدۈرسە داغدا.

1961- يىل 26 - نويابىر، تاشكەنت

# ھۆسەنگ[1]

جىمىرلىغان يۇلتۇزلار ئۈچەر،
كۆلدەك كۆلسە ئۇپۇقلار چىھرى.
لېكىن قەلپتە ھېچ ئۈچمەي ئۆتەر،
ئانا بەرگەن تۇغقانىنىڭ مېھرى.

1960- يىل ئاۋغۇست، تاشكەنت

[1] ھۆسەن ئىگەمبەردى – شائىرنىڭ ئىنىسى.

# كەتتىڭ

سۆيگىنىڭدىن رەنجىدىڭ، كەتتىڭ،
يەتمەك بولۇپ «قېشى قارا» غا.
«قارا قاش» نى دەپ ئۇچراپ قالمىغىن،
خۇددى تۈندەك «دىلى قارا» غا.

1960 – يىل 7 – دېكابىر، تاشكەنت

## تامچە ياش

ئاق كارۋاتتا ياتاتتىم بىمار،
رەنجىشلىرىم كۆپ ئىدى سەندە.
كۆردۈم سېنى ئاي يۈزلۈك دىلدار،
ئۆز يېنىمدا شۇ تاڭ كۈلگەندە.

كۆردۈم سېنى رەنجىشىم شۇ چاغ،
ئوت ئاچماقچى ئىدى يۈزۈمدە.
ھەيرانلىغىم ئۈستى بولۇپ تاغ،
ياشلىرىڭنى كۆرۈپ كۆزۈڭدە.

سەن ئېگىلدىڭ پىچىرلاپ ئاستا،
«كەچۈر!» دېدىڭ يېشىڭنى تۆكۈپ.
يۈزۈڭ ئالما ئىدى، ئۇنىڭغا
تاڭ شەبنىمى ئالغاندى كۆچۈپ.

شۇ سۆز بىلەن يېشىڭدىن بىر تال،
تامچە بولۇپ تامدى كۆزۈڭدىن.
دىلىم كۈلدى ئەجەپ قىزىق ھال،
يۇپ ئۆتتۈڭ شۇ تامچە يېشىڭ،
رەنجىشىمنى مېنىڭ كۆڭلۈمدىن.

1960 – يىل 12 – دېكابىر، تاشكەنت

## سېغىنىش

خەتلەر كەلمەس يانا سېنىڭدىن،
يۈرىكىمدە سۆيگۈ ئىسيانى.
ئوكيانلارنىڭ چېكى بار، لېكىن
سېغىنىشنىڭ يوقتۇر پايانى.

1960 – يىل 26 – دېكابىر، تاشكەنت

## رەسۇل گامزاتوۋتىن[1]

يەنە چىقتىم قايسۇ[2] بويىغا،
پاك قەلبىمدە بىر سېنى ئەسلەپ.
ئاستا ئالدىم ئىسسىق قولۇمغا،
مۇزدەك سۇنى دىلدىن پەپىلەپ.

سوغ سۇ ئېقىپ كەتتى دەرياغا،
ئېقىپ يەتسۇن مېنىڭدىن مەيلى،
خەۋەر بەرسۇن تاگدا سەن يارغا،
كۆك دېڭىزغا كەلگىنىڭ پەيتى.

مەيلى يۇسۇن سېنى دولقۇنلار،
ئالقىنىمدا ئىسسىقتان سۇلار.

1960 ـ يىل 26 ـ دېكابىر، تاشكەنت

---

[1] رەسۇل گامزاتوپ ـ داغىستانىنىڭ خەلق شائىرى. شېئىر رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان.
[2] قايسۇ ـــ شۇ ناملىق دەريا.

## ساگوٴغا

ئۇگىسىدىن ئۇچار ياش قۇشلار،
قانات تاپقان كامالىلىق چېغى.
قانچە ئۇچۇشمىسۇن يىراققا ئۇلار،
كۆڭلىدە ياشايدۇ شۇ ئىسسىق ئىنى.

بىز ھەم قۇشتەك ئۇچارمىز دوستلار،
بىزگە قانات بەردى ساگۇ[1] پاسىبان.
مەيلى ئايرىسۇن ئۇ پايانسىز يوللار،
يۈرەكتە مېھرىڭ بار، ساگۇ ئانىجان!

1961 - يىل 26 - يانۋار، تاشكەنت

---

[1] ساگۇ - رۇسچە قىسقارتىلغان سۆز بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى دېگەن مەنىدە. شائىر 1957 - 1961 - يىللىرى تاشكەنتتىكى شۇ ئىلىم دەرگاھىدا ئوقۇغان. شېئىر دەسلەپ ئالىم ۋە شائىر م. ھەمرايېۋنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى بىلەن ساگۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت گېزىتىدە 61 - يىلىنىڭ بېشىدا ئېلان قىلىنغان.

# ھىجران ياغلىقى

يىللار ئۆتەر ئۆرتىنىپ داغدا،
شۇ سۆيگىنىڭدىن قالدى بىر ياغلىق.
يادىكارىڭ شۇمىدى ماڭا؟
شۇ كۆڭلۈمدە كۈندە ھىجرانلىق.

قەلبىڭ سىنىڭ تاش ئىكەن گۈلۈم،
ياغلىق ئەمەس، ئەلىمىڭ قاپتۇ.
ئەسلەش ئۈچۈن بەرگەن ياغلىقىڭ،
ياشلىرىمنى ئىرتىشقا قاپتۇ.

1960 - يىل، تاشكەنت

# چىغىر يوللار
(1961 - 1964 - يىللار)

# قاشلىرىڭ

قالىغاچنىڭ قانىتىدەك تۇم،
قارا قېشىڭ چېھرىڭدە ئايان.
قالىغاچ ئۇچسا دولقۇنى شۇدەم،
تاراپ كېتەر كەڭرى دۇر ئاسمان.

قېشىڭ قاقىنىڭ... بالا شۇ بولدى.
كۆزلىرىمدە سۆيگۈ يالقۇنى.
قانداق پاتار قەلبىم كۆكىگە،
قاشلىرىڭنىڭ ئاتقان دولقۇنى؟

1961- يىل 26 – فېۋرال، تاشكەنت

# كۆن سوغ ئىدى

كۆن سوغ ئىدى ھەم قارلىق ئىدى،
تۈنجى قېتىم سۆيۈشكەن كۈنى.
سۆيگۈمىزنىڭ گۈلشەن بېغىدا،
قارلار ياغماس بىر ئۆمۈر بويى.

1961 – يىل 4 – نويابىر - كۈندۈزى، ئۈرۈمچى

[illegible]

1961–يىل 26 – فېۋرال، تاشكەنت

## سىنىڭ ئىزلىرىڭ

تالادا قىش، قار ئۇچقۇنلىرى
دەرىزەمگە ئۇيىدۇ نەقىش.
نېمە بولدى شوخ بېقىشلىرىڭ،
خىيالىمدىن نېرى كەتمەس ھېچ.

سېغىنىشتا ئاھ يۈرەك، قۇرغۇر،
ئىنتىلىدۇ ئۇچۇرما قۇشتەك...
ئىشىك ئېچىپ كىرگەن شۇ چېغىڭ،
ئۆز- ئۆزۈمگە بىلىندى چۇشتەك...

ئولتۇرۇشتۇق لام - جىم دېيىشمەي،
يوقالغاندەك سۆزلەر جاھاندىن.
قالدى يەنە سىرلار يېشىلمەي،
سۆزلەر كېتىپ ياخشى، ياماندىن.

ئىخ، تارتىنىش ئازاۋى قۇرسۇن،
قويار ئىكەن پۇشايمان ــ دەرتكە.
قاراپ قالدىم كۆلتۈك قار كېچىپ،
سەن ئىز سېلىپ كەتكەن تەرەپكە.

كەتتىڭ، لېكىن ئاشۇ يوللارغا،
مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇغىن چېچىپ.
باشلاپ كېلەر سېنى باھاردا،
ئىشق گۈللىرى گۈل ــ چېچەك ئېچىپ.

1961 ــ يىل 27 ــ نويابىر- كېچە، ئۈرۈمچى

# كۆن باتتى

كۆن پاتتى تاغ كەينىگە مۆكتى چۆكۆپ،
چۈشكەندە گۆگۈم ـ تۈنىنىڭ نىشانىسى.
تارتتى ئاينى ئۆز باغرىغا خۇشال كۆلۈپ،
يالتىرلاپ تۈن قىزىنىڭ پېشانىسى.

1961 ـ يىل 17 ـ نويابىر، ئۈرۈمچى

## بىر تال ياپراق

مەجنۇنتال تىگىدە ئۆتتى دەم ئېلىپ،
يول يۈرۈپ چارچىغان بىر مۇيسىپىت چال.
بەھر ئېلىپ سايىدىن كۆز تىكتى تالغا،
ياپراقلار پىچىرلاپ دەيدۇ: «ئارام ئال!»

مەجنۇنتال، مەجنۇنتال خۇددى شۇ دەمدە،
مەيلىدى مەن بولسام بىر تال ياپرىغىڭ...
ياپراقچە نەپ بەرسەم ئىدى خەلقىمگە،
غۇنچىلار ئاچاتتى دىلدا ئارمىنىم.

1962 – يىل 27 – ئىيۇل، ئۈرۈمچى

## قار ئىشقى

ئەسرلەردىن ئېرىماي كەپتۇ،
ئىگىز تاغلار بېشىدا ئاق قار.
ئېرىماپتۇ قىش ئىشقىن ساقلاپ،
ئىللىق كۈلۈپ كەلسىمۇ باھار.

ئوخشاتقۇم بار سوغۇق بولسىمۇ،
پاك ئىشقىمنى ئاق قارغا گۈلۈم.
سۆيگۈم قالسا قەلبىڭ تېغىدا،
ئاپپاق قاردەك ئەسرلەر مەڭگۈ،
ئايرىسىمۇ دەھشەتلىك ئۆلۈم!

1961 - يىل 2 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

# ياپراق

كۆزدۈر ئۆمرۈم بىغىدا بۇ كۈن،
شېخىدىن ئايرىلدى سېرىق يوپۇرماق.
ئايرىلىپ چۈشتى- دە قۇچتى باغرىغا،
ياپراقنى قۇچاغلاپ شۇ ئانا تۇپراق.

يۇشمان يوق قەلبىمدە مەيلى چىرىتسۇن،
ياپراقنى كۆمسۇن يەر، غالىپ پەسىللەر.
چۈنكى شۇ تۇپراقتىن بوي سوزار كۆككە،
ۋەتەننىڭ باھارى، بىخلار- نەسىللەر.

1963 - يىل 4 - يانۋار، ئۈرۈمچى

# ئۈرۈمچى ھەققىدە ناخشا

قۇياش چىققى بوغدا*دىن،
نۇرلار تۆكۈپ شەھىرىمگە.
تاڭ بىلەن تەڭ كۆز ئاچقان،
شەھىرىم يېقىن قەلبىمگە.

تاڭ سەھەردە ياڭرايدۇ،
گۇدۇكلىرىنىڭ سادا سى.
كەڭ قوينىغدا ياڭرايدۇ،
يېڭى ھايات ناۋاسى.

مەن قارىسام باغرىڭغا،
گويا باققا ئوخشايسەن.
مەيلى يۈز يىل ياشىماي،
گۈل ھۆسنۈڭگە تويمايمەن.

مېنى چوڭ قىپ ئۆستۈرگەن،
سەن ئانامسەن گۈل شەھىرىم.
سەندە مەڭگۈ ياشىسام،
ئارمىنىم، مېنىڭ بەختىم.

1962 - يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى

# كۆرۈنۈر

هۆسنىگە باقسام ئېلىمنىڭ گۈل- گۈلىستان كۆرۈنۈر،
ۋادىسى جەننەت مەسەللىك بۇلبۇلىستان كۆرۈنۈر.

كىم كۆرۈپتۇ كەڭ جاھاندا بۇ دىياردەك ئۆلكىنى،
گۈزەللى بولسا ئەگەردە ئۇندا نۇقسان كۆرۈنۈر.

كۈندۈزى كۈن، كەچتە ئاي ھەم رەشك ئېتەر باققانسىرى،
ھۆسنىگە قانماي ئېلىمنىڭ گاھى پەرىشان كۆرۈنۈر.

ھەر باھاردا ئۆزگە يۇرتتىن كەلگەن پەلەكنىڭ قۇشلىرى،
تونىيالماي شۇ ئېلىمنى دائىم ھەيران كۆرۈنۈر.

قايدا يۇرمەي بۇندا يايراپ، ئۆز ئۆيۈم ـ تۇغقان يېرىم،
ھەر غېرىچ يېرى شۇڭا تەن بىلەن جان كۆرۈنۈر،

بىباھادۇر بال تېمىتقان دەريالىرىنىڭ سۇلىرى،
جۇش ئۇرۇپ تومۇرۇمدا ئاققان قىپ ـ قىزىل قان كۆرۈنۈر.

چۆلدە يۇرسەم ۋەتەنىنىڭ شىۋاقلىرى بىر گۈل سۈپەت،
باغلار ئىچرە ھەد تاراتقان لالە ـ رەيھان كۆرۈنۈر.

تەرىپىگە سۆز يېتىشمەس سىپايان ئورمانلىرى،

## كۆردۈم

يەنە تۇغقان ئۆلكىدە باھارنى كۆردۈم،
ساپ ھاۋاغا چۆمۈلگەن ناھارنى كۆردۈم .

ئاپپاق باشلىق تاغلارنىڭ باغرى گۈلىستان،
قۇياش بىلەن سۆيۈشكەن گۈلزارنى كۆردۈم.

قەلبىم كۆزى باغلارنىڭ ھۆسنىگە بەندە،
باغلار ئىچرە شاپتولا، ئانارنى كۆردۈم.

ھەر بىر چىچەك چىراقتۇر ئاگا ئاشىق بوپ،
پەرۋانىدەك ئىشق قويغان دىلدارنى كۆردۈم.

دىلدار ئېيتۇر: «بۇ يىلنىڭ نېمىتى چەكسىز.»
ئۇنىڭ كۈلگەن يۈزىدىن ۋىقار[1] نى كۆردۈم.

باغلار ئاستا شىۋىرلار مەيىن شامالدا،
مول ھوسۇلغا يەڭ تۈرگەن دىيارنى كۆردۈم.

1963 - يىل 22 - فېۋرال، ئۈرۈمچى

---

[1] ۋىقار - نۇر

## مۇھەببەت

تۈنجى باھار، ئاسمان رەنجىپ ياردىن،
تەنە بىلەن يەرگە قاراپ سۇ تۆكتى.
يىگىت خاپا قىزنىڭ بىغەم رايىدىن،
قىز پەرىشان كۆزلىرىدىن ئوت ئۆچتى...

يەر كۆتىدۇ- قىزمۇ كۈتەر، كۆپ ئۆتمەي،
بۇلۇت تارقاپ، يەر ياشنىدى، كۈلدى كۈن...
بۇلبۇل سايرار گۈل شېخىدا ھېچ ئۈزمەي،
بىر جۈپ سايە گىرەلەشكەن ئايدىڭ تۈن...

بەزەن رەنجىش چىن سۆيگۈگە ھۆسنىدۇر،
شۇ ھۆسنىدىن - ئىككى يۈرەك پۈتۈندۇر.

1963 - يىل، ئۈرۈمچى

كۆزلىرىمنى ئاسرىغۇچى گوياكى مىژگان[1] كۆرۈنۇر.

تۈپرىغى دىللار ھۇزۇرى جانغا جان قوشقانمۇ شۇ،
تاغ ـ تېشى ئۈلۈمگە مەشھۇر ئۈنچە ـ مارجان كۆرۈنۇر.

كىمكى تەرك ئەتسە ۋەتەنىنىڭ ئىشقىنى خا بىر نەپەس،
ئۇ ئەبەتكە شور پىشانە خانۇ ۋەيران كۆرۈنۇر.

شائىرىڭ قەلبىدە بىرسەن، ئۆزگە دىلدار نە كېرەك،
جان پىدا بولسۇن ئانام، سەندە ئىمكان كۆرۈنۇر.

1963 - يىل 1 ـ مارت، ئۈرۈمچى

---

[1] مىژگان - كىرپىك

# ۋىسال ئارزۇلىرى
(1964 - 1969 - يىللار)

[illegible]

[illegible]

[illegible] يىل - 1963 [illegible]

[illegible]

# ئايرلىش

گۈدۈك چېلىپ پويىز قوزغالدى،
ساڭا قاراپ كۆزلىرىم تالدى.
كەتتىم يىراق ساڭا ھەمراھ بوپ،
مېنىڭ سادىق يۈرىكىم قالدى.

يۈرىكىمنى ساقلىغىن مەھكەم،
مۇھەببىتىم بىر ساڭا ھەمدەم،
ئىشقىم ساقلار سېنى يات قولدىن،
ئىشقىم بولار دەردىڭگە مەلھەم.

يوللار ئۇزۇن يىراققا كېتەر،
ئىشقى زارىم چۆللەردىن كېلەر.
ھىجران يېشىڭ تۆكۈلگەن جايدا،
بىر كۈن ۋىسال گۈللىرى ئۈنەر.

1964 - يىل 7 - نويابىر، ئۈرۈمچى - قۇمۇل

# مېنىڭ يۇلتۇزۇم

قىرلاردىن ـ قىرلار ئاشسام، تاغلاردىن ـ تاغ،
كۆڭلۈمدە سەن يار بارسەن ھەردەم ـ ھەر چاغ.
نىجاتلىق يۇلتۇزىسەن بۇ ئۆمرۈمنىڭ،
تالىدىم بەختىم دېدىم، ساڭا باقتىم.
پارلىساڭ ئۈمىدىمگە كېپىل بولۇپ،
ئىشقىڭنىڭ دەرياسىدىن تولۇپ ئاقتىم.
ئىخ، پەلەك! بولۇت توستى نۇرلىرىڭنى،
قاخشىدىم قارا تۈندە يول ئاداشتىم.
مەجنۇندەك كەزدىم ھىجران چۆللىرىنى،
نامىڭنى يادلاپ قانچە داۋان ئاشتىم.
تىلىمنى كەستى دۈشمەن سېنى دېسەم،
دىلىمدا سېنى كۈيلەپ قوشاق قاتتىم.
ئۈچقۇنۇڭ قالدى دىلىنىڭ چېڭ قېتىدا،
زىمىستان دەھشىتىدىن ئاسراپ باقتىم.
يۇلتۇزۇم پارلىساڭچۇ نۇرۇڭ چېچىپ،
تۈنلىرى سېنى كۈتۈپ بىدار ياتتىم.
شۇ ئەجرىم ساقلىنارمۇ يۈرۈكۈڭدە،
ياق ئىش ئازابىنى بىكار تارتتىم!؟

1965 - يىل قۇمۇل - قارا قاپچىن

# يىگانە قۇش

ئۇچسەن يىگانە قۇش قىقىپ ئاستا قانىتىڭنى،
ئاڭلىدىم ئېگىز كۆكتىن سېنىڭ مۇڭلۇق سايرىشىڭنى.

قېنى ئۇ سۆزۈك ئاسمان ۋىسال بىلەن ئۇچقان چاغلار،
رەھىمسىز قارا تەقدىر ئايرىدىمۇ ئامرىقىڭنى؟

بىلدىمەن سەنمۇ مەندەك باغرى يارا - خەستە جانسەن،
يۈرىكىم قانغا تولار ھەر ئاڭلىسام زارلىشىڭنى.

يەردىمەن، سەن كۆكتىسەن، زارىمىز بىر شورلۇق قۇشۇم،
كۈتمەسەن يار ۋەسلىگە يېتەر قۇتلۇق سائىتىڭنى.

زارلىما، بولۇت تارقاپ كۈنمۇ چىقار چاقناپ بىر كۈن،
يەتكەيسەن مۇرادىڭغا تېپىپ يارۇ - ئادىشىڭنى.

1965 - يىل قىش، قۇمۇل - قارا قاپچىن

# كەچكۈزدە

كەچكۈز چېغى، كەڭ ئاسماندا ئۇينار بۇلۇتلار،
گاھى يىغلار، گاھى كۈلەر ئاسمان تۇرۇپلا.
غەمكىن ئاسمان ھۆسنىگە يەنە غەم قوشۇپ،
ئۆتەر تۇرنا توپلىرى «قۇۋ - قۇۋ» دەپ ئۇچۇپ.
ئۇلار بۇندىن تەرك ئېتىپ يىراققا كېتەر،
ئارمان ئەتكەن ئۆز يېرىگە تېز كۈندە يېتەر.
ئەركىن، ئازاد ئاۋات قىلار سۆيگەن جايىنى،
قۇش بولسىمۇ تاشلىمايدۇ ئۆز ماكانىنى.
بىراق پەلەك مېنى خورلاپ ئۇتلارغا ياقتى،
يىراقلارغا مېنى پالاپ قۇل قىلىپ ساتتى.
يىللار ئۆتەر كۆرەلمەيمەن ئۆز ماكانىمنى،
ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداشىمنى.
يۇرتۇم تۇرۇپ مەن ياتلارغا بولدۇم خاربەندە،
بىر ئەرزىمەس پېقىر قۇلمەن تۇغقان ۋەتەندە.
ئەركى يوقتۇر قىلغان ئىشىم، ئۆز مېھنىتىمنىڭ،
ھالاۋىتىنى ياتلار كۆرەر تۆككەن تېرىمنىڭ.
ئۇچار مېنىڭ ئەمگەكلىرىم مەشئۇم شامالدا،
يىللار ئۆتەر دىل قەپەزدە، تاغلار قامالدا...
مەن يىغلايمەن يېتەرمىكىن تەگرىمگە ئاھىم...
قاچانغىچە دەش - چۆللەردە ئۇچار پەريادىم؟

1966 - يىل ياز داۋانچىڭ - كۇنگەيسۇ

# ساباغا

باھار ئەيامى جاھان كۆلمىش ئاجايىپ كۆلكىسى بىلەن،
پۇراق ساچىپ سابا كەلمىش يېقىملىق خۇلقىسى بىلەن.

نەزەر سالسام تەبىئەتكە يېشىل لىباس كىيىپ شۇ دەم،
باھار پەيزىدە زوق ئەيلەپ خوشلىشار ئۇيقىسى بىلەن.

سوئال قويدۇم شۇل ساباغا: «ھىدىڭ ياردى دىماغىمنى،
ئېلىپ كەلدىڭمۇ گۈل باغنى ئۇنىڭ خۇش گۈلچىسى بىلەن؟»

سابا ئېيتۇر: «ئەجەپلەنمە، نىگارىڭ يوللىغان پۇراق شۇلكىم،
خەبەرچىڭ كەلگەن شۇ تەرەپتە گۈلۈڭ بار غۇنچىسى بىلەن.»

1966 - يىل باھار، داۋانچىڭ - كۆنگەيسۇ

دىلىم زارلايدۇ نەس يىللار نۇرۇك قەددىمنى ئەگكەندە.

ئىست ئىنسان، ئىست ياشلىق! تاپارمۇ ئۆز باھاسىنى؟
ئۆتەر قاناي گۈل ھۆسنۈڭگە پەلەك چەرخى ئەجەپكەن ـ دە!

سېنى دەپلا تۇغۇلسامدىم باھارىڭ ئىشقىدا ھەر كۈن،
كۆتەرسەم قەد گىياھىڭدەك ساقال كۆكسۈمگە يەتكەندە.

ئانا تۇپراق كۆمسە كۆمسۇنلەر، نە ئارمان، شۇ نىجادىنى،
روھىم كۈيلەر سېنى مەڭگۈ ئاشۇ غەمخانە قەۋرەمدە...

1966 ـ يىل ياز، داۋانچىڭ ـ كۈنگەيسۇ

# ئىلتىجا

كۆلۈپ ئۇيغاندىڭ تەبىئەت پايانسىز كەڭرى ئۆلكەمدە،
كىيىپ رەڭدار ئېسىل لىباس ئاجايىپ پەيزى كۆكلەمدە.

كېلىپ يەتتى قۇچاقلاشقا پەسىللەر ئەركىسى كۆكلەم،
خىيالدا تەلمۈرۈپ دائىم قۇچاغىڭ نازدا كۈتكەندە.

ئاق باشلىق ئېگىز تاغلار ياشاردى قايتا مېھرىڭدىن،
قۇياشىڭ جىلمىيىپ شۇدەم نۇرىنى تازا تۆككەندە.

يېشىللىقا چۈمۈلدى زەپ قىرلار، باغۇ ـ بوستانلار،
شاماللار قىيغىتىپ زوقمەن يۈزۈڭدىن ئاستا ئۆپكەندە.

كۆزۈم تىكسەم جامالىڭغا بولۇپمەن مەستۇ ـ مۇستەغرەق،
خىيالىم مەۋجى بىر دەريا بىر ئۆرلەپ، گاھى چۆككەندە.

باھارنىڭ بەزمىسى سازدۇر قېلىشماس گۈل چىرايىدىن،
جاھان كۈيلەر سېلىپ شاۋقۇن كۆز يۇمايدۇ بۇ كەمدە.

شۇنچە ئۇز، شۇنچە ئۇماق سەن تەبىئەت ئانا مېھرىڭلە،
كۆرۈنەر چۆللىرىڭ گۈلزار شۇ ياشلىق ئەمدى كەتكەندە.

شۇ يۇرتۇم ئەمدى خەت چەككەن كېچە تال نۆۋدىسى ئەردىم،

بىز بارماي بۇلبۇل زۇقمەن سايرىمايدۇ.

هاياتلىق شۇنچە گۈزەل ئىشقى بىلەن،
بىغەملەر بۇنى ھەرگىز ئايرىمايدۇ.

ياشلىقنىڭ بۇگۈنى بار، ئەتىسى يوق،
ئۇشبۇ دەم كېتەر مەڭگۈ قارىمايدۇ.

ئاي نۇرى، ئاينىڭ نۇرى تۇڭلۇكۇمدىن،
جىلۋىگەر خۇلقى بىلەن مارىلايدۇ...

1966 - يىل ئۆكتەبىر، داۋانچىڭ - كۇنگەيسۇ

# ئالي نۇرى

ئاي نۇرى، ئاينىڭ نۇرى تۆكۈلۈۋاتقاندەك،
جىلۋىگەر خۇلقى بىلەن مارىلايدۇ...

كۆرىمەن ئاي نۇرىدا ئامرىغىمنى،
بوستاندەك كىرىپكىدىن نۇر تارايدۇ.

ئاي نۇرى ئاشىقلارغا بىرەر ھۆسن،
ئۇمىقىم تاتلىق كۈلۈپ ئۇز قارايدۇ.

ھە، بۈگۈن ئايغا ئۇن تۆت - سېھىرلىك تۈن،
بۇنداق چاغ قىز، يىگىتكە زەپ يارايدۇ.

قېنى ئۇ، - دەيدۇ تال - تال ئاينىڭ نۇرى،
كەلمەسمۇ مەشۇقىمنى بەك سورايدۇ.

ئاي نۇرى، بېرىپ ئۇيغات ئامرىقىمنى،
يار كېلەر سەندىن ھەرگىز زارلىمايدۇ.

باغ كۆتەر تەشنالىقتا جۈپلىرىنى،
بىز بارماي باغ بەزمىسى قاينىمايدۇ.

باغ كۆتەر، يولىمىزغا ئىنتىزار گۈل،

# دىلدار غەنىمەت

كۆرۈپ بېغىڭنى ھەيرانە بولدۇم،
سېنىڭ يولۇڭدا ۋەيرانە بولدۇم،
ئايدەك يۈزۈڭگە مەستانە بولدۇم،
كۆرسەت بويۇڭنى دىدار غەنىمەت.

كەلدىم سېنى دەپ شۇنچە يىراقتىن،
تەنلىرىم كۆيدى ئىشقى - پىراقتىن،
ئۆتتۇم قانچىلاپ تاپان تۇزاقتىن،
توسما يۈزۈڭنى دىدار غەنىمەت.

سۆيگۈ پەسلىدۇر باھار ئەييامى،
بۇ باغ ۋىسالنىڭ ئۇلۇغ ئەشيانى،
بۇندا ئاشىقلار قالماس ئارمانى،
ئاچقىل كۆزۈڭنى دىدار غەنىمەت.

سازلا سازىڭنى جانلار سۆيۈنسۇن،
دوستلار شاد بولۇپ بىزگە كۆيۈنسۇن،
دۈشمەن قان يۇتۇپ گۆرگە كۆمۈلسۇن،
كۈيلە كۈيۈڭنى دىدار غەنىمەت.

ھىجران ئېلىدە مەن بىر بىچارە،
ئىشقى ئوتۇڭدا بولدۇم دىۋانە،

# ياغلىقىڭ

ئال، - دېدىڭ بەردىڭ قولۇمغا كۆڭلۈمنى ئالدى ياغلىقىڭ،
ئەسلىتىپ ھەر دەم سېنى ئوتلارغا سالدى ياغلىقىڭ،
كەلمىدىڭ ۋەدەڭ قۇرۇقكەن بەرگىنىڭ ھىجران چېغى،
سېغىنىپ كۆز ياشلىرىمنى ئېيتىشقا قالدى ياغلىقىڭ.

1967 - يىل، ئۈرۈمچى

# گۈلۈمگە

كاژ پەلەك سالدى جۇدالىق مەنگى بۇلبۇل ناتاۋان،
شۇل گۈلۈم جۈپ غۇنچىسىلە قالدى غەمكىن باغ بىلەن.

ئالدىمىزدا بىر ۋىسال بار، ئەي گۈلۈم، سۇلماس چېچەك،
ئەگمە مەغرۇر بويلىرىڭنى قايغۇ - ھەسرەت داغ بىلەن.

باققا خۇشتار بولبۇلۇڭ گۈل ئىشقىنى تەرك ئەتمىگەي،
ئۇ كېلەر تۈننى يېڭىپ، گۈل ئېچىلغان چاغ بىلەن.

ئاي ئۆتەر، يىللار ئۆتەر بىزگە ۋىسال يۈز ئاچقۇسى،
«كۆرۈشەلمەس مەڭگۈلۈككە ئالەمدە تاغلار تاغ بىلەن.»

1969 - يىل ياز، غۇلجا

لېۋىنىڭ مەيدىن توشقاز پىيالە،
ئىچكۈز سۆيۈگىنى دىدار غەنىمەت.

باقساڭ بېشىمدىن كەتكەي باللەر،
دەردىم سېنىڭدىن تاپقاي شىپالەر،
ئۆلسۇن رەقىبىم يۈزى قارالەر،
بەرگىل سۆزۈگىنى دىدار غەنىمەت.

كېچە ـ يۇ كۈندۈز سەندە خىيالى،
بىر ساگا ئەيلەپ جانلار پىدايى،
نامىگىنى يادلاپ كەلدى نىجادى،
تۇتقىل گۈلۈگىنى دىدار غەنىمەت.

1969 - يىل ماي، غۇلجا

# زىنداندىن سادالار
(1969 — 1979 - يىللار)

## ئىرادە[1]

چىن پولاتتەك ئىرادە مەھكەم زىندان تېمىدىن،
ئوكيان سۇيى ئۆتەلمەس پۇختا بولسا كىمدىن،
بىر كۈن بۇندا ئېچىلار ئازادلىقنىڭ گۈللىرى،
ھۆرلۈك ئۈچۈن تۆكۈلگەن قەھرىمانلار قېنىدىن.

1969 - يىل 23 - ئىيۇن، باياندای تۈرمىسى

[1] شائىر بۇ شېئىرنى قولغا ئېلىنىپ 3 كۈندىن كېيىن يازغان.

# غېرىبسىگەن

بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ سېنى بىلىپمەن،
سەنەمجانىم ئىشقىڭنى دىلغا سىلىپمەن.
بىلمەك بولساڭ زاتىمنى ئاشىق غېرىپمەن،
بىر ئۆمۈرلۈك تاللىغان يارىم دېگەيسەن.

يىللار ئۆتەر ھىجرىڭدا ھەسرەت باشىمدا،
ياشىم ئەمەس، قان ئاقار تۆككەن ياشىمدا.
چۆل باياۋان يىغلايدۇ مىنىڭ زارىمدا،
چۆللەر ئارا بوزلىغان نارىم دېگەيسەن.

كۈندۈز كۈنمەن ئاسماندا كىزەرمەن شۇتاپ،
يۈرىكىمنىڭ ئوتىدۇر چېچىلغان ئاپتاپ.
تۈنلەر بىدار كۈتەرمەن يولۇڭغا قاراپ،
ئېگىز كۆكتىن قارىغان ماھىم دېگەيسەن.

باغرى تاشتۇر رەقىبىڭ يولۇمغا چۈشتى،
قوللىرىدا قىلىچى ياقامدىن تۇتتى.
نىگاھىڭنى كۆرەرمەن يا ئۆمرۈم پۈتتى،
ياۋ قولىدا قىينالغان جانىم دېگەيسەن.

1970 - يىل ماي، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

# قارغاي

كۆر چېغى، مۇدھىش جۇدۇن قوزتراپ، گۈرۈلدەپ بىر زامان،
باغ - ۋارانۇ، تال - تېرەكنى بىر نەپەس قىلدى خازان.
سوقسا بوران، ئۇرسا يامغۇر، چۇققىدا مەزمۇت تۇرار،
گەۋدە كىرىپ شۇ جۇدۇندا تەۋرىمەي قارىغاي ھامان.
شاخلىرى سۇندى ۋاقىتسىز يەتتى قارغايغا شىكەست،
ياز بويى پىشقان ئۈرۈقلار ئۇچتى بوراندا ھەر تامان.
تەلۋىسە ئاخماق جۇدۇن غالىب سانايدۇ ئۆزىنى،
بار ھاياتلىق ئەركىنى قايسى كۈچ يەڭگەن، قاچان؟
كەلسە كۆكلەم تۇشمۇ تۇشتىن بىھىساب ياش نەۋدىلەر،
كەڭ زېمىننى قاپلىغان قارغاينى دوراپ شادىمان.

1969 - يىل قىش، ئۈرۈمچى گۆڭگەنىڭ تۈرمىسى

## باغۋەنگە

باغۋىنى بەھرى ئالمغان باغ - باغ ئەمەس، گۈلزار ئەمەس،
باغۋىنى تۇرسا بېشىدا بۇلبۇلى ھېچ خار ئەمەس.

كاژ پەلەكنىڭ دەستىدىن بۇلبۇلنى گۈلدىن ئايرىدى،
باقىقا قوندى زاغىلەر ئۇلار چىمەنگە يار ئەمەس.

قەستى زاغنىڭ بۇ چىمەننى ئەيلىمەك بەرگى غازاڭ،
باقىقا سادىق بۇلبۇلىدەك گۈلگە ھېچ خۇمار ئەمەس.

باق ئەنە، زاغ تۇمشۇقىنى گۈل تامان سوزماق بولۇر،
ھەيدە باغۋەن قويما زاغنى، بۇ ئاڭا ئازار ئەمەس.

كەلدى كۆكلەم پەيزى بىلەن سەن چىمەننى شادى قىل،
گۈلنى دەپ بۇلبۇل كېلۇر ئۇندىن بېغىم بىزار ئەمەس.

ئەي نىجادى، تۇر غازاتقا، باغنى قىل زاغدىن خالاس،
بەس يېتەر، ئاھ - زار بىلەن چىن ئىشق ئىزھار ئەمەس.

1970 - يىل ياز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

# ياخشىلىق كۆرمىدىم

ياخشىلىق كۆرمىدىم ناكەس زاماندىن،
كۆپ بىزار بولدۇممەن قان، ياش، پىغاندىن.
كۈن، تۈنى زۇلمەتلىك مۇنداق ھاياتنىڭ،
نىمە پەرقى باردۇر قارا زىنداندىن؟

1970 - يىل ياز، ئۈرۈمچى گۆڭگەنىنىڭ تۈرمىسى

لەۋلىرىگەدىن ئىچەيمەن ئىسسىق - ئىسسىق چاي قويۇپ.

يازسام تۇرسۇن ئېتىمنى، سارغايتمىغىن يۈزۈمنى،
سەتلىمىگىن دۈشكەلەپ، تەتۈر قاراپ دومسۇيۇپ.

قاتتىق سۆزلەر ئېيتمىغىن دىل كۆتەرمەس خورلۇقنى،
غەرىبىگىنى رازى قىل، قۇرۇپ كەتمەي ياش تۇرۇپ.

خېتىم كەتتى سەن تامان يۈرىكىمدە جىق پىغان،
يازغىنىمغا جاۋاب قىل، قايتۇرمىغىن قۇپ - قۇرۇق.

1970 - يىل ياز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

قۇشلار ئۇچار ئاسماندا يالغۇز ئەمەس جۈپ بولۇپ،
ئۆتەر بەلكىم ھايۋانلار بىر - بىرىگە خوپ بولۇپ.

شۇ يېقىندىن ھەيرانمەن ئوتۇڭ چۈشتى يۈرەككە،
ئۇخلالمايمەن تۈنلىرى تاڭلار ئاتار يۈپ - يورۇق.

سوراپ باقسام يۈرەكتىن سەن ئىكەنسەن داۋاسى،
ئاڭلىغىنە، ئەي گۈلۈم، سۆزلىرىمگە دىل قويۇپ.

ئىشقىڭ چۈشتى يۈرەككە پىراق تەككەن بۇلبۇلمەن،
بۇ ئۆمرۈمنى شاد قىلاي گۈللىرىڭگە بىر قونۇپ.

بۇلبۇل ئىشقى ئىشق ئەمەس، مېنىڭ ئىشقىم ئەبەتلىك،
ئۆتسەك دەيمەن دۇنيادىن ئايرىلماستىن قول تۇتۇپ.

رازى بولساڭ بۈگۈندىن ماڭسۇن ئەلچى دوستلىرىم،
توي باشلايلى ئوتتۇز قىز، ئوتتۇز ئوغۇل چىڭ تۇرۇپ.

مەن بىر پېقىر مىسكىنمەن ھالال ئەمگەك - بايلىقىم،
تاپقىنىمنى قويايمەن توخۇ، ئۆردەك، قوي سويۇپ.

ياد قىلايلى بىر تۈنى جۈپ ئاشىقلار روھىنى،

ئېيتقان سۆزى قىلغىنىنىڭ بەرى يالغان،
ئەپسانىغا ئەمدى قۇلاق ئاسما ئۇيغان!

ئەرك دېسە، ئەرك دېگەننى ئاستى دارغا،
بىرنى پالاپ، بىرنى ئاتتى چوڭقۇر يارغا،
ئادەم ئىدۇق بىز ئايلاندۇق پۇشتى خارغا،
بۇ كەڭ ۋەتەن تولدى بۇگۈن ئاھۇ - زارغا،
يۈرىكىڭدە دەرت - ئەلەمنى ساقلا ئۇيغان!

ئۇيغان دېسەم، ئۇيغانمىساڭ پۇشمان بولۇر،
ئۇ پۇشايمان ئاخىر ساڭا دۈشمەن بولۇر،
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇلار راست قان بولۇر،
ئەل قوتۇلماي نەس قۇللۇقتىن ۋەيران بولۇر،
قانلىق تارىخ ساۋىقىنى يادلا ئۇيغان!

هايدا ياۋنى يولاتمىغىن ئۆز يېرىڭگە،
تۇت قورالنى، قۇۋۋەت كىرسۇن شۇ بېلىڭگە،
ئاچ نېچىسلار قول سوزمىسۇن قان - تېرىڭگە،
بەخت كەلمەس خوجا بولماي ئۆز ئېلىڭگە،
كەلدى پۇرسەت ۋۇلقان بولۇپ پارتلاپ ئۇيغان!

ئال قورالنى، بايرىقىمغا ئەركىن باققىن،
يۈرىكىڭدە ئەل مېھرىدىن چىراق ياققىن،
رەھىم قىلماي زالىم تەختىنى قويماي چاققىن،

## ئويغان
### (مۇخەممەس)

تۇر ۋەتەنداش، قارا تۇندە ياتما ئويغان،
ئەلەم چېكىپ غەم قايغۇغا پاتما ئويغان،
يىتەر قۇللۇق، ئەمدى ھەسرەت تاتما ئويغان،
كەلدى پۇرسەت تىگرىقىمىغىن قاتما ئويغان،
ئەلنى ئۇلۇغ كۇرەشلەرگە باشلا ئويغان!

كۇرەش دىمەك بەخت، ھۆرلۈك، كۇرەش شاتلىق،
كۇرەش بىلەن يۈكسىلىدۇ بار ھاياتلىق،
كۇرەشسىز كۈن ـ قۇللۇق تۇرمۇش تاشتىن قاتتىق،
سۆيگەن ئېلىڭ ۋە خەلقىڭنىڭ كۆزى ياشلىق،
ھەق ئادالەت يوللىرىنى ياقلا ئويغان!

ئەزەلدىنلا بىزنىڭ ۋەتەن، بۇ بىزنىڭ يەر،
شۇ يەرنى دەپ قۇربان بولدى مىليونلاپ ئەر،
بىز قان تۆكۈپ، تاگلار ئېتىپ كەلسە زەپەر،
تەخت بېشىغا چىقىپ ئالدى زالىم خۇمپەر،
ۋەتىنىڭنىڭ نامۇسىنى ئاقلا ئويغان!

ئۇ بەرگەنمىش مەزلۇم ئەلگە ئۇلۇغ ئىمكان،
يايرىغانمىش توق تۇرمۇشتا ئىشچى، دېھقان،
شۇملۇق بىلەن ھىيلە ئىزلەپ مىسلى شەيتان،

# ئانامغا

ئانا ئەركىن يۇرەلمەيمەن كېزىپ كەگرى دىيارىمنى،
پۈتۈم زەنجىردە باغلاقلىق نىچۇك بەردىڭ ئاياغىمنى.

ئانا قولنى نىچۇك بەردىڭ قولۇم كويزىدا* ھەر دائىم،
ئېلىمگە ھېچ سالالمايمەن شۇل قەسرۇ سارايىمنى.

ئانا كۆزنى نىچۇك بەردىڭ كۆزۈم پەرق ئەتمىسە ياخشى،
ھەق ـ ناھەقتىن سۆز ئاچسام پەلەك قىينايدۇ جانىمنى.

ئانا تىلنى نىچۇك بەردىڭ تىلىمدا قىلچە ئەركىم يوق،
دىلىم زەرداپتا خۇن بولدى، ئېيتالماي ئاھۇ زارىمنى.

ئانا دەيمەن، نىچۇك تۇغدۇڭ، سىلىپ قەلبىمگە بىر ئاتەش،
كۆيۈپ كۈل بولدۇم ھىجراندا كۆرۈشتۈرمەيدۇ يارىمنى.

ئانا كۈچ بەر شۇ ئوغلۇڭغا بولايمەن رۇستەمى پالۋان،
يا مېنى پەلەك يۇتسۇن، يا ئالاي ئىنتىقامىمنى.

1970 ـ يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

---

*كويزا ـ قولغا سېلىنىدىغان تومۇر چىتىق ـ جازا قورالى

كۆرەش بىلەن ئەركىن ـ ئازاد دەۋران تاپقىن،
ئوتلۇق كۆرەش داۋانىدىن ئاتلا ئويغان!

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

# قېنى

باغلىرىم تۆكمەكتە ياپراق گۈل ئۈزار جانان قېنى،
گۈللىرىمگە مەڭگۈ خۇشتار ئاشىقى رىزۋان قېنى.

ئۆتتى يىللار، غەمدە دىللار، ھىجرىدە مەن كۆيگىلى،
كېلىمەن، ـ دەپ كەلمىدى ئول ۋەدىسى يالغان قېنى.

تۈن كېچە زۇلمەت ئىچىدە دىلبىرىڭ ئىزلەر ھامان،
شۇم رەقىبكە نەيزە ئۇرغان شىر يۈرەك پالۋان قېنى.

كەلگىن تېزراق، بولما نا مەرت، ئۆمرىمىز كۆرسۇن ۋىسال،
كەلمىسەڭ سۇلامدۇ گۈل يۈرەكتىكى ئارمان قېنى؟

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

# نېتەي

بىر كۆرۈپ ھۆسنىڭنى جانان مەن ئادا بولدۇم نېتەي،
دىل خۇشى ئارامىلىقىمدىن مەن جۇدا بولدۇم نېتەي.

بىر بېقىپ شۇ كۆزلىرىدە مەھلىيا قىلدى مېنى،
ئاشۇ نىگار ئىشقىدىن مەن بىناۋا بولدۇم نېتەي.

مىڭ بالالار كەلسە باشقا ياردىن ئۈمىدنى ئۈزمىدىم،
يارنى دەپ چەكتىم ستەم بەختىم قارا بولدۇم نېتەي.

تۈن بىلەن قاتتىق ئېلىشتىم ۋىسال تېگىنى قوغلىشىپ،
ئۆشبۇ يولدا يەتتى زەخمەت باغرىم يارا بولدۇم نېتەي.

بىر ئەمەسۇ مىڭ ئۆمۈردە كۆيلىسەم يار ۋەسلىنى،
ئەرزىمەستى شۇ نىگارغا مۇپتىلا بولدۇم نېتەي.

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

# قىزىل گۈل

باھار كەلمەي باغلارغا باغۇ بوستان بولامدۇ؟
قىزىل گۈلۈم ئېچىلماي بۈلبۈل كېلىپ قونامدۇ؟

تېپىشماستىن شۇ باغدا بۈلبۈل بىلەن قىزىل گۈل،
غەمكىن كۆڭلى باغۋەنىنىڭ چىن شاتلىققا تولامدۇ؟

كەلدى باھار - گۈلباھار، كەلدى ۋىسال دەملىرى،
قەرەلىنى كۈتمەستىن قىزىل گۈلۈم سولامدۇ؟

بۈلبۈل ئىشقىن سۆزلەر گۈل چىن ۋاپاغا ئەھد قىلىپ،
ئەركە، بىزەڭ شاماللارغا ئەركىلەتسە ئۇنامدۇ؟

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

# باھاردا

باھار چاغى كىرىپ باققا كۆردۇم تاڭ شامالى بار،
بىغىم گۈللەرگە پۈركەنگەن ئەجەپ خۇشخۇي جامالى بار.

قىلىپ تاماشا گۈللەرنى باقسام شۇ چىمەنلەرگە،
قىزىل گۈلۈم چىكەر ھەسرەت ئۇنىڭ خامۇش چىرايى بار.

دېدىم گۈلگە بولۇپ دىلكەش: «نېمە خەندانە كۈلمەيسەن،
نىچۈك غەمكىن بېشىڭ ئەگدىڭ، قولۇڭنىڭ بىر سوئالى بار.»

گۈلۈم ئېيتۇر: «ئەي مەرت باغۇەن، كۈتسەم بۇلبۇلۇم كەلمەس،
ئۇنىڭ ھىجرىدە سارغايدىم، گۈلۈڭنىڭ نە ئامالى بار.»

دېدىم گۈلگە: «باھار پەيتى ئۈمىدسىز بولما يارىڭدىن،
بۇلبۇلۇڭ كېلۇر تاڭدا بۇ ھىجرانىڭ ۋىسالى بار.»

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

## نازۇكنىڭ* نىداسى

كۆز چېغى، كەڭ ئاسماننى باسقان زۇلمەت،
يالغۇز مەن، زىندان ئىچرە دىلدا ھەسرەت.

جۇدالىق كۈنى بۈگۈن - ئاخىرقى تۈن،
نە ئىدى ياندا بولسا مۇڭداش - ئۈلپەت؟

نە ئىدى قۇش بولۇپ ۋەتەن ئاسمىنىدا،
قەدىردان ۋادىلارنى كەزسەم بىر رەت.

ئۇھ، كۆيەك! يانار يۈرەك، يالغۇز باشقا،
ھەي نازۇك، چۈشكەن تاغدەك ئېغىر كۈلپەت.

قەلبىمدە ۋەتەن مېھرى، ئەرتە تاڭدا،
بارۇرمەن مويتۇڭزىغا* تۇرۇپ قامەت.

بويۇنۇمدا قانلىق قوۋۇق، پۇتتا كىشەن،
تۇرغاندا ئۆلۈم كۈتۈپ سوڭغى سائەت.

* نازۇگۇم - ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 19 - ئەسىردىكى مانجۇ ئىستىلاچىلىرىغا قارشى كۈرىشىدە قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ مەرتلەرچە قۇربان بولغان مىللىي قەھرىمان.
* مويتۇڭزا - ئىلىدىكى جازا مەيدانى.

## بىر كۈنى
(يولداش توختى قۇربانغا* بېغىشلايمەن)

زالىم پەلەك كۆزلەردىن ئاققۇزدى قان بىر كۈنى،
شۇندىن باشلاپ ماكانىم بولدى زىندان بىر كۈنى.

مىڭ دوزاخنىڭ ئازابى دۇچ كەلسىمۇ زىنداندا،
باش ئەگمىدىم جاللاتقا سۆزلەر ۋىجدان بىر كۈنى.

ئەركىنلىكتۇر شۇئارىم، چاشتىم ئوتلۇق ئۇچقۇنلار،
بۇ قاراڭغۇ زېمىندا يانار گۈلخان بىر كۈنى.

نېسىپ بولار يا بولماس تاڭ جىلۋىسىن بىر كۆرمەك،
نېمە ئارمان تاڭنى دەپ بولسام قۇربان بىر كۈنى.

كۆمۈلسەممۇ تۇپراققا روھىم كېزەر شاتلىنىپ،
ئازاد ۋەتەن باغرىنى گۈلى خەندان بىر كۈنى.

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

---

* توختى قۇربان - شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ غوللۇق تەشكىلاتچىسى ۋە رەھبەرلىرىدىن بىرى. ئۇ گېزىتخانە ۋە نەشرىيات ئىدارىلىرىدا مەسئۇل خىزمەت ئىشلىگەن ئاتاقلىق ژورنالىست. 1970 - يىلى 29 - ماي ئۈرۈمچىدە كوممۇنىست جاللاتلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان.

ئورنىدىن چاچراپ تۇرار جاڭجۇن خىتاي،
قىلالماي سۆزلىرىمگە سەۋرۇ تاقەت:

«بەس يېتەر، ئىسيانكارلار سادىق نەسلى،
لەۋزىڭگە كەلتۈرمىدىڭ قىل ئاھانەت.

تارتۇغۇم ساڭا ئەمدى ئۆتكۈر پالتا،
باتۇرلۇق شۆھرىتىڭنى قىلاي ھۆرمەت!»

شۇنداق مەن ۋىدا ئېيتىپ ئانا ئەلگە،
كۆتەككە باش قويارمەن تېپىپ راھەت...

قار - بوران، جۇدۇن - چاپقۇن ئۆتەر يىللار،
قەۋرەمدىن ئىزمۇ قالماي يوتەر پەقەت.

ياشايمەن «ئەرك!» دېگەننىڭ تىلىكىدە،
ئەۋلادلار ئۆمرى بىلەن ياشاپ ئەبەد.

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

ھەيران بوپ سورار مەندىن جاگجون خىتاي:
«ئىسيانچى، نىچون قىلدىڭ سەن جىنايەت؟

بىيجىڭلىق ئۇلۇغ خاقان پاناھ بولسا،
ئېلىڭغا شۇ ئەمەسمۇ زور سائادەت.»

مەن دەرمەن: «ئەي، قۇللۇقنىڭ ھۆكۈمرانى،
دىلىڭغا مەڭگۈ ياتتۇر ئەرك، ئادالەت.

بۇ تۇپراق ـ مېنىڭ تۇغقان ئانام بولۇر،
قان ـ تېرىم تۆكمەك ماڭا بەختۇ ئامەت.

ئۈستۈممەن ئۆز يېرىمدە ئەركىن ـ ئازاد،
قىلمىدىم يات ھەققىگە قىل خىيانەت.

سەن ياتسەن، سەن قاتىلى گۈل ئېلىمنىڭ،
تۇغۇڭدىن ياغار ئاچلىق، قان، جاھالەت.

بېرىپ ئېيت بىيجىڭدىكى خاقانىڭغا،
كېرەكمەس ئۇندىن بىزگە «زور شاپائەت.»

بۇ تۇپراق ـ ئەشيان ئەمەس ساڭا گۆردۇر،
چۈش كۆرۈپ قىلما بۇندا سەن خىيالەت!»

كۆت مەختۇم، چىن تۆمۈر كېلىدۇ چاپسان!
خان تەڭرى پاسىبان باتۇر بېشىغا،
بوۋىلار روھى يار قۇتلۇق ئىشىغا،
ۋاپادار دوستىنى ئېلىپ قېشىغا،
قەلبىدە ئەل مېھرى، مەختۇم سولاسى،
ئاستىدا ئاق بوز ئېتى، قىلىچ ھەمراسى،
كۆت مەختۇم، چىن تۆمۈر كېلىدۇ چاپسان!

يەتتە ئەمەس، يەتتە مىڭ بولسۇن ياۋ بېشى،
ئۇنى ھېچ قۇتقۇزالماس سىرلىق تىلسىمى،
باتۇرنىڭ قولىدادۇر كاززابنىڭ جېنى،
ئەل ئۈچۈن ئالماستىن قانلىق ئىنتىقام،
باتۇرنىڭ يۈرىكى تاپارمۇ ئارام؟
كۆت مەختۇم، چىن تۆمۈر كېلىدۇ چاپسان!

ئۇيۇق ئاقارماقتا، ئاكاڭ مەرت كېلۇر،
كەڭ زېمىن ياشنىغاي، چۆللەر گۈل بولۇر،
كۆزۈڭدىن مەڭگۈلۈك ياشلىرىڭ قۇرۇر،
كۆت ۋىسال تېڭىنى، كۆزۈم قاراسى،
نىجادىڭ سەن كەبى ھەم تاڭ مەھلىياسى،
كۆت مەختۇم، چىن تۆمۈر كېلىدۇ چاپسان!

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

# مەختۇمسۇلاغا*

(چىن تۆمۈر باتۇر* ھېكايىسىنى ئەسلەپ...)

دەرىخا، ئەي مەختۇم، قىلتاققا چۈشتۈڭ،
ئۆزگۈ، دەپ يالماۋۇزغا نىچۈن يول تۇتتۇڭ،
قېنىڭنى ئىچتى شۇم داغدا قان يۇتتۇڭ،
قېنى ئۇ چىن تۆمۈر يۈرەمدۇ تاغدا؟!
ھالىڭدىن خەۋەردار، يا بولماي ئاگاھ،
كۆت مەختۇم، چىن تۆمۈر كېلىدۇ چاپسان!

يالماۋۇز قاتىلى كۆلگەن ئۆمرۈڭنىڭ،
زەھەرلىك قۇزغۇنى غۇنچە گۈلۈڭنىڭ،
يۈزىگە چۈشكەن داغ يورۇق كۈنۈڭنىڭ،
ئۇنۇتتۇڭ سۆزلەرنى بولدۇڭ ياۋغا خار،
دەردىڭدە كۈنۈ تۈن ئاكاڭ بىقارار،
كۆت مەختۇم، چىن تۆمۈر كېلىدۇ چاپسان!

بوۋىلار ماكانى باغلىرىڭ خازان،
باتۇرنىڭ دىلىدا ئىنتىقام، پىغان،
تۈنلەرنى تەرك ئېتىپ، ئاشار تاغ - داۋان،
دۈشمەنگە چەيلەتكەيمۇ پاك دىيارىنى،
نامەرتكە خار ئەتكەيمۇ جىگەر - باغرىنى،

---

* مەختۇمسۇلا - چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى.
* چىن تۆمۈر باتۇر - ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى.

تاللاردىن ئات مىنەر، مەنمۇ ئىشەتتىم،
بىشىمغا چەمبىرەك، چىپچىمغا جالا....
گۈپۈلدەپ كىلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
تەڭ تۇشۇم رەنجىتىپ دەيتتى: «ھاماقەت.»
بىر دەملىك ماي تارتىپ ئىزدەيتتىم ئۇنى،
بالىلىق جاگجىلى بىلمەس ئاداۋەت.

گۈپۈلدەپ كىلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
ئۇيناپتتۇق ئويۇننىڭ قىپىنى يىرىپ.
كۇن قايتسا قايتاتتۇق بالىلىق بىغى،
قالاتتى دەستىلەپ گۈللەرنى بىرىپ...

گۈپۈلدەپ كىلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
مەكتەپكە يول ئالدۇق تەڭتۇشۇم بىلەن.
قوللاردا "ئىلىپبە"، دىللار يورىدى،
ئانامدەك ئاسرىغان بۇ ئەزىز ۋەتەن.

گۈپۈلدەپ كىلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
ۋەتەن مىھرى بىلەن ئۇلغايدى ھىسلار.
جىگدىلىك باغلىدى سۆيگۈ رىشتىنى،
ئۇنى ھىچ ئۇنتۇمىدى ئۆتسمۇ يىللار.

گۈپۈلدەپ كىلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
چىمەن ۋىسال كۇيىنى ئىيتىدۇ ئاستا.

## ئۇيغۇر قىزى

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
مەن ئۆسۈپ چوڭ بولغان تونۇش قىرغاقتىن.
كۆڭلۈمدە ھەسرەتنىڭ قانلىق، ياش دېغى،
كېلىمەن يارىمنى ئەسلەپ يىراقتىن...

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
شۇ ئۆتكەن دەملەرنى سېلىپ يادىمغا،
بۇندا بىز تەڭ تۇشلەر ھەر باھار چېغى،
كۆكلەمنى قۇتلىغان كۈنلەر ئالدىمدا...

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
ئۇ چاغلار بىلمەيتتۇق قايغۇ - ئەلەمنى.
كۆڭلىمىز خوشلۇقتا، تۇمەننىڭ سۈيى،
سۇغارغان بىز سۆيگەن يېشىل چىمەننى.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
شوخ، بەگۋاش دوستلىرىم قەۋەت كۆپ ئىدى.
شۇلارنىڭ ئىچىدە شوقلاردىن بىرى،
كۆڭلۈمنىڭ خوشلىقى - ئىجىل جۇپ ئىدى.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
تەڭ تۇشۇم - تام قوشنا بىر تەنتەك بالا.

كۆڭلىرىم ئۆتىدۇ تەشۋىشتە، غەمدە.
ئاققاندا تۆمەننىڭ لايقا سۇلىرى،
يۈرەكنى ئېزىدۇ ھەسرەت ـ ئەلەمدە.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
چىن باھار كەلسە ئىدى، كۆلىسىدى ھايات.
سۇلاشقان ۋەتەننىڭ گۈل چىمەنلىرى،
ياشنارمۇ قايتىدىن، بولارمۇ ئاۋات؟

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
ئۆمرۈمنىڭ مەزمۇنى دىلغا خۇمالىق،
باھارنى كۆرمىگەن قەلبىمنىڭ گۈلى،
كۆتمەن دەرت چەككەن يارىمغا تالىق.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
مەن ئۆسۈپ چوڭ بولغان تونۇش قىرغاقتىن.
كۆڭلۈمدە ھەسرەتنىڭ قانلىق ياش دېغى،
كېلىمەن يارىمنى ئەسلەپ يىراقتىن.

1970 ـ يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

پەلەك خازان قىلدى كۆڭلۈم بېغىنى،
ئۈيناق كۆزلىرىمنى تولدۇردى ياشقا.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
ئەي پەلەك، يارىمدىن سەن قىلدىڭ جۇدا،
ۋەتەننى سۆيگىنى - شۇمۇ ئەيىبى،
مىڭ لەنەت! ساڭا ئەي «بېيجىڭلىق» خۇدا.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
قېنى ئۇ، چىمەندىن قېنى بىر نىشان.
جىگدىلىك تۈۋىدە تىكەن سىملىرى،
ياشلىق ھېسلىرىمنى خورلايدۇ زامان.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
ئەمدى بۇ چىمەنلەر قاپتۇ سارغىيىپ.
جىگدىلىك يېنىدا زىنداننىڭ تېمى،
قارايدۇ بەختىمگە ھەردەم ئالىيىپ.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...
چىمەننىڭ ھۆسنىگە داغ بوپتۇ زىندان.
ئامرىقىم ياتقاندۇ ئەسلەپ جىگدىنى،
قەدىناس شۇ يەردە چېكىپ دەرت - پىغان.

گۈپۈلدەپ كېلىدۇ جىگدە پۇرىقى...

باغۋەنمەن ئۆمرۈم بويى كۆچەت ئەكتىم،
ئەجرىمگە ئېلىم ئېغىز تەگسە دەتتىم،
ئېلىم ئەمەس، بالام دەيدۇ جىگدە يەيتتىم،
ھەيرانمەن كىملەر ئۈچۈن جاپا چەكتىم،
توشۇيسەن قالسۇن ئازراق جىگدە، قاقمۇ،
ئاچ نەپسىڭ تويماس ھېچ بىر كۈيىقاپمۇ،
ھەي لوۋاڭ، شىپا قىلغان قەنتىڭ غەلەت!

تۇقۇيمەن كىيچە - كۈندۈز ئەتلەس، گىلەم،
بۇ مېھنەت مېنى ئەزدى كۆزۈمدە نەم،
يۈرىكىم قېنى ئاقار مېلىم كۆركەم،
يۈرۈيسەن زىلچەم ئۈزرە دەسسەپ بىغەم،
رەھىمسىز تاش يۈرەكسەن ئوتتا ياندىم،
ئالقانچە كىگىزىم يوق يەردە قالدىم،
ھەي لوۋاڭ، جاكا قىلغان شەرتىڭ غەلەت!

بولدۇممەن ئۆز يۇرتۇمدا غېرىپ - غۇرۋا،
توغۇشلۇق باسالمايمەن بوينۇم قىلدا،
يۈزۈمنىڭ نۇرى كەتتى قايغۇم دىلدا،
باللىرىم كۆرەلمەيمەن ئايدا، يىلدا،
يۈرىمەن ئۆز يۇرتۇمدا قانلار يۇتۇپ،
جۇت بولۇت يۇلتۇزۇمنى ئالغان تۇسۇپ،
ھەي لوۋاڭ، ۋەدە قىلغا دەۋرىڭ غەلەت!

# غەلەت

ئېلىم كەڭ ئەزەلدىنلا ماڭا ئەشيان،
ئەجدادلار قان ـ تەر تۆكۈپ ئەتكەن بوستان.
ۋەتەن ـ دەپ تالاي مەرتلەر بولۇپ قۇربان،
ئېلىمگە ئەندىگىنە كەلسە ئىمكان،
كەلدىگۈسەن بولماق بولۇپ پۇشتى ـ پاناھ،
ئىشەندىم بىر ئۆزۈمگە تاپتىم بالا،
ھەي لوۋاڭ، شۇنداق قىلغان ئەھدىڭ غەلەت.

بايلىقى بەختى ئىدى گۈل ئېلىمنىڭ،
بار بايلىق مېۋىسىدۇر قان ـ تېرىمنىڭ،
يېتىمى يانا بولدۇم يات ھېكمىنىڭ،
ئۇسسۇزلىقى ھېچ قانمىدى بۇ دىلىمنىڭ،
يەر، بايلىق بۇ كەڭ ۋەتەن ئۆزۈمگە يات،
نامەرتكە بىر قۇل بولدۇم چەكتىم پەريات،
ھەي لوۋاڭ ، ئاتا قىلغان پەخرىڭ غەلەت!

دان تېرىپ قوناق يېدىم ھېچ تويمىدىم،
مال بېقىپ ئوت ـ چۆپ يېدىم گۆش كۆرمىدىم،
جاي سېلىپ ئايۋان ئىچرە مەن قونمىدىم،
ئىشمىدىن بەرىكەت ئۇچتى، ھېچ ئۇگمىدىم،
مېغىزىنى قان ـ تېرىمنىڭ چاقار ئالچاق!
ھەي لوۋاڭ، تاپا قىلغان بەختىڭ غەلەت!

تىقارمەن سامان قاپلاپ شۇ پوستۇگغا،
ھەي لوۋاك، شۇ ئىشەنگەن تەختىڭ غەلەت!

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

ماختايسەن قۇياشىم دەپ بىر قاۋاننى،
شۇ قۇياش يورۇتارمىش بار جاھاننى،
زالىمغا چوقۇن دەيسەن قىيناپ جاننى،
بەخت ئەمەس، كۆردۈم ئاققان دەريا قاننى،
ئۇ قوللۇق، جاھالەتنىڭ شوم خوداسى،
بويىندا مىليون جاننىڭ قان قىساسى،
ھەي لوۋاڭ، ناۋا قىلغان شەمسىڭ غەلەت!

ئەرك دېسە، ئەرك دېگەننىڭ تىلىن كەستىڭ،
ئەل دېسە، دۈمبىسىدىن تاسما ئەشتىڭ،
قان تۆكۈش، بەدنام توقۇش سېنىڭ قەستىڭ،
ئېيتقىنا، زو[1] تاغاڭدىن بارمۇ پەرقىڭ؟
ئېلىم قول زارلار تۈندە ۋەتەن ۋەيران،
كەڭ تۇپراق ئۆزەم ئۈچۈن بولدى زىندان،
ھەي لوۋاڭ، ساپا قىلغان ئەركىڭ غەلەت!

بىلدىمەن مەن يىغلىسام، سەن كۈلسەن،
بېشىمدا ياڭاق چېقىپ سەن يۈرسەن،
دەردىمنى ئۆزەم بىلىپ جىم يۈرىمەن،
خەپ توختا، كۈلمىكىمنى بىر كۆرسەن،
ئىشەنمە قانلىق قامچا، قوياشىڭغا،

---

[1] ئىككىنچى قېتىم شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلغان، مانجۇ - خىتاي گېنېرالى - زوزۇڭتاڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

- قىرىنداش، سورمىغىن شۇ دەمدە ھالىم،
كۆيگەن دىل يارامغا ئاچچىق تۇز سەپمە!
غەم - قايغۇ، ئەلەمگە مۇشتاق ئاۋازىم،
تىنچ قوي، ئازار بېرىپ تارىمنى چەكمە!

جاپا كەش ئوغلىمەن، مېھنەتكەش ئەھلى،
شۇ ئۆسكەن ماكانىم گۈزەل باي ئىدى.
بوۋىلار مەرت ئۆتكەن قوينى كەڭ، سېخى،
تۇپرىقى زەپ مۇنبەت ئەجەپ جاي ئىدى.

باغ خازان، ئەل ۋەيران قالمىدى گىياھ،
ئۆلۈملەر ياغدۇرار ئاچلىق ۋاباسى...
جۇت بولۇت لەيلەيدۇ كۆرۈپ تاماشا،
كۈتكىنى ئاشۇدۇر - نەق مۇددىئاسى....

ئانامنى، بالامنى، قولۇمدا كۆمدۇم...
باشقىغا كەلگەندە قالمىدى ھالىم.
باي ئەمدى مازاردۇر، تاشلىدىم يۇرتۇم،
قىرىنداش، سورىساڭ ئېغىر گۇناھىم.

پەلەك يار بولمىدى بەختىمگە ياتكەن،
بەركىلىك قازىنىمنى ئۇردى - يۇ چاقتى.
پەلەك گۈل ئەمەسكەن، باغرىمغا تىكەن،
مېنى زار قاقشاتتى، ئوتلارغا ياقتى.

## بلى يولىدا*
## (1960 - يىل باي پاجىئەسىنىڭ قۇربانلىرىغا)

كۇن غۇبارلىق، كۆكنى چاڭ باسقان،
شاماللار توختىماي بەرگ - غازاڭ تۆكەر.
باي يولى قايغۇلۇق، مىدىرلاپ ئاران،
شۇ يولدىن ناتىۋان مۇساپىر كېلەر.

چەكمىنى ئۆشنىدە، رەڭگى ئۆچۈپتۇ،
شويلىدا باغلىغان ئاجىز بىلىنى.
گەۋدىسى قۇرۇق تۆش، قەددى يا بوپتۇ،
قەۋەتلەپ گەز باغلاپ قاپتۇ لىۋىنى.

- يولۇچى مېڭىپسەن مەنزىلىڭ قايان،
نىچۇن چۆللەر ئارا يالغۇز كېزىسەن؟
بىلدىم بىر دەرتمەنسەن، سەپىرىڭ يامان،
پەيلىڭدىن قايت، چۆلدە بىكار ئېزىسەن.

---

* 1945 - يىلى ئاقسۇنى ئازاد قىلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارمىيىسىنى قوللىغان باي خەلقىدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە خىتاي جاللاتلىرى 1960 - يىلى سۈنئىي ئاچارچىلىق ئاپىتى پەيدا قىلىپ، ئىسكىلاتلاردىكى ئاشلىقنى پېچەتلەپ قويۇپ، پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈردى. بۇ خىل قاتىللىق باشقا جايلاردىمۇ يۈز بەردى. قاتىل خىتايلار جازالىنىش ئورنىغا ئۆستۈرۈلۈپ ئورۇمچىگە يۆتكەلدى.

# ھايات ھەققىدە ئويلار
(سىكىل)

دوستۇمغا

ھاياتلىق ئېقىن دەريا - ئۆمۈر ئۆتەر،
ئەر ئۆمرى ھاياتلىققا بىرلا نەپەس.
ھاياتلىق ئەل ئىشقىلە قىممەت گۆھەر،
بىھۇدە خىياللارغا بۆلمە ھەۋەس.

ھايات بار شۇنچە قىسقا ئۇنىڭ شانى،
مىڭ يىللار مەنزىلىنى بېسىپ ئۆتكەن.
ئەلنى دە، ھاياتلىقنىڭ شۇ مىزانى،
ئۇنىڭسىز ھايات بىر ئىز قۇمغا چۈشكەن.

بۇ ئۆمرۇم - بەختىم دەيدۇ نەس ساتقۇنلار،
ياش ئاققان چاناقلاردىن مەيلەر ئىچىپ.
يات دۇشمەن ئىشىكىدىن يالاق يالار،
كۆرەڭلەر ئەل بەختىنىڭ كۆكىن سىتىپ.

قورقاقلار راھەتنى دەپ ساتار بىرىن،
تاپقىنى ئالتۇن ئەمەس ئىسسىق گەندە.
تۇر ئوغلان، ئاقلا ئەلنىڭ ئار - نۇمۇسىن،
بولمىغىن ياۋۇز ياۋغا مىسكىن بەندە.

كېتەيمەن باش ئېلىپ يىراق يەرلەرگە،
كۆرمەي شۇ يۇرتۇمنى كۆرۈش بەك ئازاب.
بەلكىم بار، ئەجىلىم دەشتى چۆللەردە،
يا، ياقا يۇرتلاردا بولارمەن خاراب...

كەتتىڭسەن ئاستىلاپ جىم قەدەم تاشلاپ،
شۇ غەمكىن سۆزىتىڭ كۆزۈمدە قالدى.
كەتتىڭسەن ھەسرەتتە يوللارنى ياشلاپ،
ئايانچىلىق سۆزلىرىڭ سۆزۈمدە قالدى.

بارسەن يىراقتا، قۇياش پاتماقتا،
بېشىڭدىن كەتمەپتۇ زۇلمەتلىك بولۇت.
بارسەن مىدىرلاپ غەمكىن ئۆپۈقتا،
گاھىدا كۆرۈنۈپ، گاھى يوقۇلۇپ.

بارسەن تەقدىرنىڭ مۈشكۈل يولىدىن،
قىسمىتىڭ تاپارمۇ شاتلىق، ھالاۋەت!
بارسەن ئىشلىرىڭ كەلسۇن ئوڭىدىن،
يولۇچى، يولۇڭ ئاق، بولغىن سالامەت!

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

# ھايات ۋە ئۆلۈم
(ل. مۇتەللىپكە)

ئىخ ئۆلۈم، رەھىمسىزدۇر دەھشەت شۇنچە،
شۇ ئۆلۈم ھاياتلىقنى ئىجىل - گىرەك.
بەزىدە سولار گۈللەر، سولار غۇنچە،
ئۆلۈم بار ھاياتلىقنا مەڭگۈ بىزەك.

ئۆلۈم ھىچ دەھشەت ئەمەس، بىلسەڭ ئەگەر،
ساتقۇنلۇق - ئىشت قەۋمدە ئۆلۈش دەھشەت.
سادىق قەلب، مەرت شەھىدلار ئۆلمەي ئۆتەر،
دىللاردا تەگرى* كەبى كۆتۈرۈپ قەد.

ئۆلۈم بار، مىڭ تىرىكتىن ئۆلۈغ ھەتتا،
تۇغ بولۇپ يول باشلايدۇ بار ھاياتقا.

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

---

* تەگرى - تەگرى تېغىنى دېمەكچى.

قانات ياي جۇدۇنلۇق كۆك تۇمانلاردا،
چېلىشچان قەيسەرلەرنى سۆيەر هايات.
قاغىدەك پانا تاپما دالدىلاردا،
ياشىغىن بۇركۇت بولۇپ قېقىپ قانات.

·

كۈن كېلەر، بىر كۈن كېلەر مەزلۇم ئەلگە،
ئەل بېغى كۆيسە كۆيەر، بەختى كۆيمەس.
قەترەم بار، سەنمۇ دېگىن قان، ياش، تەردە،
ئەل غېمى، ئەل ئىشقىنىڭ ئەجرى ئۆلمەس.

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

## ... گ

ئىنساننىڭ ئۆمرى قىسقا بەختى چاغلىق،
بەختىدىن دەردى كۆپتۇر قەلبى داغلىق.

كۈن كېلەر، تۈنگە ئوخشاش بەزەن باشقا،
كۆزلىرىڭ تولار بەلكىم قانلىق ياشقا.
"سۇ" دېسەڭ بىرەر ھايات ئاچچىق ئاغۇ*،
بېشىڭنى تاغدەك باسار ئازاب ـ قايغۇ.

كاڭ پەلەك بىزار قىلغان ئېغىر دەملەر،
نالىما ئۆز بېشىڭدىن ئېلىڭنى كۆر.
مىليون جان چىكەر تۈندە دەرت ئەلەملەر،
چەيلەنگەن ياۋ ئاستىدا بېغىڭنى كۆر.

ئەل غېمى، ئەل قايغۇسىن ئۆز غېمىم دە،
سەن بىلسەڭ مەزلۇم ئەلنىڭ بىر پارىسى.
ئەل تاپسا سائادەتلىك يورۇق كۈنلەر،
ئوڭشىلار يۈرىكىڭنىڭ دەرت ـ يارىسى.

كۆپتە كۈچ، كۆپتە قۇدرەت كۆپكە باققىن،
ئەل باركىم تەرك ئەتمەس بەخت قۇشى.
دولقۇن بوپ ئەل بىلەن تەڭ ياۋنى باسقىن،

---

* ئاغۇ ـ زەھەر دېمەكچى.

## ئۈزەمگە

ھاياتلىق بىرلا ئۆتكەل بىز كېتىمىز،
بىر - بىرلەپ كۆمەر بىزنى ئانا تۇپراق.
يوقولار سايە ئوخشاش بۇ جىسمىمىز،
تۇغقانلار زارلاشسىمۇ يىغلاپ ئۇزاق....

ئۇنتۇلماس قىلغان ئەجرە - خالىس مېھنەت،
ئەل ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن تۆكۈلگەن قان.
نامەرتكە يىغىپ نەپرەت، مەرتكە ھۆرمەت،
ئەۋلادلار ئۆمرى بىلەن ياشار ھامان.

نىجادى، ئەل ئىشىغا ئۈزەڭگىنى ئات،
ياماندىن دات قالىدۇ، ياخشىدىن ئات...

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

# قانلىق خەتلەر

تۈن، زىندان، ئاخىرقى تۈن، مەھبۇس بىلەن،
ئۇ خۇشال قالدى سادىق قەسىمگە.
سۆڭگى رەت تامغا يازار قانلىق خەتلەر،
خۇش ئېيتىپ جاندىن ئەزىز ۋەتىنىگە.

ئۆچمىدى ئۆتتى يىللار شۇ قانلىق خەت،
جاللاتنىڭ يۈرىكىگە دەھشەت سالار.
قۇربانلار كېتەر خەتكە بېرىپ زىننەت،
ئارمىنى ساپ قانلاردا كۈندەك يانار.

"ھېچقاچان بىكار كەتمەس ئاققان قانلار،
ئۆلمەيدۇ كۈرەش بىلەن ياتقان جانلار"*.

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

---

* بۇ ئىككى مىسرا شېئىر زىندان تېمىسىغا يېزىلغان نامەلۇم مەھبۇس شائىرنىڭ شېئىرى.

غالىبتۇر ھەق ـ ئادالەت كۆپنىڭ كۈچى.
كىرمىگىن ئۈمىدسىزلىك كوچىسىغا،
ئەجرى قىل، ئۈمىدسىزلىك پەيلى شەيتان.
بۈگۈنكى ئەررىمەس گۈل غۇنچىسىدا،
يۈز ئاچار كۈتكەن گۈلۈڭ كۈلۈپ خەندان.

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

## تەكرى بۇركۇتى*

(1970 - يىل 29 - ماي قۇربانلىرىغا بېغىشلايمەن)

ئاپپاق باشلىق چوققىلار سوزۇلغاندۇر يىراققا،
سەن تەگرىسى تاغلارنىڭ - سەن بۇركۇتلەر ماكانى.
سىينىڭ داڭقىڭ، شۆھرىتىڭ يېزىلغاندۇر تارىخقا،
تارىم بىلەن جۇڭغارنىڭ سەنسەن ئۆگمەس باھارى.

كۆرۈم تىكسەم تارىخقا بۇركۇتلىرىڭ ئىسيانكار،
پىشانەگدە قورۇقنىڭ ھەر تالىسى مىڭ داستان.
ھەر داستاندا بۇركۇتلەر ياۋنى يەگگەن قىساسكار،
ياۋغا ئۆلۈم، ئەلگە بەخت ئاچقان قانلىق چوڭ مەيدان.

ئاشۇ ئۇلۇغ جەڭگاھتىن ئەلگە ئۇلۇغ شان كەلگەن،
ئاچ كۆز ياۋلار باغرىڭدىن ئەشيان ئەمەس، گۆر تاپقان.
ئەجدادلارنىڭ مەرت روھى ئەۋلادلارغا كۆچ بەرگەن،
ئېلىڭ يايراپ، يۇرتۇڭ گۈل، سەن ئەتراپقا نۇر چاچقان!

---

* 1970 - يىل 29 - ماي كۈنى خىتاي كوممۇنىستلىرى توختى قۇربان باشچىلىقىدىكى 29 نەپەر ۋەتەن پەرزەندىنى ئۈرۈمچىدە ئېتىپ ئۆلتۈردى. مەتتىمىن ئېمىنوپنى دوختۇرخانىدا شېھىت قىلدى. بىر قانچە يۈز مىڭ ئازادلىق جەڭچىلىرىنى قىرغىن قىلغان بۇ قانلىق تېرور ۋەتەن تارىخىدا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس كۈن بولۇپ قالدى.

## تۆمۈر رۆجەك كەينىدە

(ۋەتەندىشىم سۈيۈنگۈلگە* بېغىشلايمەن)

تۆمۈر رۆجەك كەينىدە كۆردۈم سەنەمنى،
ئەركىنلىككە بەل باغلىغان قېشى قەلەمنى.

قېشى قەلەم زىندان ئىچرە ئۆتتى سىناقتىن،
پەسەنت قىلماي ئۆز بېشىغا كەلگەن ئەلەمنى.

غالىب چىقتى ئەل - يۇرتىغا بولغان پاك مېھرى،
ئۈمۈ كۆردى زىندانلاردا قانلىق كىشەننى.

ھەر مىنۇتتا نازۇك روھىن دىلدا ياد ئېتىپ،
ئۇنۇتمىدى ۋەتىنىگە بەرگەن قەسەمنى.

بەزەن تۈندە يار، ئېلىنىڭ ئوتلۇق مېھرىدىن،
كىرپىكلىرى ئىلىنىدۇرەر ئۈنچە - شەبنەمنى.

كۈتەر دىلبەر ئۈمىدلىرى ئالدىماس ئەسلا،
كېلەر بىر كۈن سۆيگەن يارى تۇتۇپ ئەلەمنى.

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

---

* سۈيۈنگۈل ۋەلىيېۋا - تاتار، 1964 - يىلى ئۈرۈمچى تىببى ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا كوممۇنىست خىتايلارغا قارشى يەر ئاستى تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ قولغان ئېلىنىپ، 3 يىل تۈرمىدە ياتقان. 1981 - يىلى ئەكسىلئىنقىلابچى قالپىقى بىلەن ئاۋستىرالىيەگە چىقىپ كېتىپ، تۈركىستان جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا قاتناشقان.

جەڭ باشلاندى ... تەڭسىز جەڭ، جۇدۇنلۇق تۈن بىر جەڭگاھ،
ئوقتەك شوڭقار مەرت بۈركۈت قۇزغۇنلارنىڭ ئىچىدە.
ھەر پەرۋازدا قۇزغۇنلار ئۇزدەر تۈندىن پەيت، پاناھ،
ھايات بىلەن ماماتلىق بەل ئېلىشقان كېچىدە...

قۇزغۇنلارنىڭ ھالى تەڭ شىكەست يەتتى بۈركۈتكە،
نە ئارماندى بىر كۆرسە يانسا كۈتكەن يۇلتۇزى؟!
چۈشتى قىيا باغرىغا ... بىنا بولدى بىر قەۋرە....
ئارمان بىلەن كۆز يۇمدى ئاقباش تەگرى بۈركۈتى.

ئاقباش تەگرى ماتەمدە ئەزىم دەريا، ئورمانلار،
كۈيلەر بۈركۈت شانىنى - بۇ ئەركىنلىك قىسسىسى.
قوچىقىدا قەۋرىنى سۆيەر ئاپپاق تۇمانلار،
بۇ بۈركۈتنىڭ ۋەتىنى - تەبىئەتنىڭ غۇسسىسى.

چوقان سالار قۇزغۇنلار، جۇدۇنلۇق تۈن ۋەھىمدە،
ئۆمرى پۈتەر قۇزغۇننىڭ ئاتار نۇرلۇق تاڭ بىلەن،
بالاپانلار ئۇمتۇلەر قىساس ئوتى قەلبىدە...
ئادا قىلار بۈركۈتنىڭ ئۈمىدىنى شان بىلەن.

قۇتۇپ يۇلتۇز يانماقتا، ئاقارماقتا ئۇپۇقلار،
تاڭ پەرىسى گۈل تۇتۇپ كېلەر بىر كۈن سۈبھىدەم.
قوچىقىدا تەگرىنىڭ سانسىز ئېگىز چوققىلار،
قەھرىمانلار قەۋرىسى چوققىلاردىن مۇئەززەم.

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

قېنى ئەمدى شۆھرىتىڭ، قېنى مەغرۇر قامىتىڭ؟
يان باغرىڭدا ئۇۋ قىلار تۈنۈگۈنكى نەس دۈشمەن.
قانات يايغان قارا تۈن، قېنى يورۇق ئاپتاۋىڭ؟
قۇزغۇن قونغان باغلاردا سۇلۇشپتۇ گۈل - چىمەن.

رەڭۋاز تارىخ، مىڭ لەنەت! سەن جاۋابكار بارلىققا،
تەقدىرىنى تەگرىنىڭ بەردىڭ ياۋغا تۇتقۇزۇپ.
بوغدا ئۆزرە ئۇلتۇرار بۈركۈت يېنىپ ئازابتا،
نە ئارماندى، جەڭلەردە قالسا بۈركۈت ئۇتقۇزۇپ؟!

كۆز ئالدىدا بۈركۈتنىڭ ۋەيران بولغان ماكانى،
سۇ ئورنىغا قان تولغان كۆرەر بوغدا كۆلىنى.
قېنى، دەيدۇ تەگرىنىڭ قەد كۆتەرگەن شاھانى،
كۆرەر بۈركۈت چەيلەنگەن قار لەيلىسى گۈلىنى.

بۈركۈت كۆزى ئوت چاچار، باقار شەرق تەرەپكە،
ئاپتاپ ئەمەس، جۇت كېلەر - كېلەر قۇزغۇن توپلىرى.
قۇزغۇن قەستى باغلاردا، ئىزدەر يەمتۈك نەپسىگە،
خازان بولۇپ زارلايدۇ ئۈنىڭ باسقان يوللىرى.

قىران بۈركۈت چاقىرار دوستلىرىنى غازاتقا،
«سۇر قۇزغۇننى، دەيدۇ ئۇ، بىز بۈركۈتلەر ئەۋلادى!
بۈركۈت ئۆمرى ئۆگەنگەن كەڭ ئاسمان ھۆر ھاياتقا،
مىڭ جانلاردىن ئېزىزدۇر ۋەتەننىڭ ھەر گىياھى!»

## ئېلىمسەن...

«مەن كىممەن» دەيسەن سىلاپ پىشانەڭنى،
تىلسىزسەن ھېچكىم بىلمەس ئىشارەڭنى،
يوقاتتىڭ ئەلمساقتىن بوۋاڭ قويغان،
مۇبارەك ئۇلۇغ نامۇ نىشانەڭنى.
مىڭ لەنەت، ئاشۇ رەڭۋاز شۇم تارىخقا،
سەۋەبكار قايغۇ ئەلەم ئۇ بارلىققا،
تىڭى جۇت قەست دۈشمەننى كەلدى باشلاپ،
قوچغۇچۇڭ تۇلدى شۇندا ئاچ - زارلىققا ...
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
يات دۈشمەن ئايىغىدا پايخان يۇرتۇم .

بايلىقىم - بەختىم دەيسەن ئەلگە قاراپ،
دان تېرىپ، مال باقىسەن تاغدا زارلاپ،
كېيگىدەك ئەسكى چورۇق تاپالمايسەن،
پۇتلىرىڭ يېغىر بۇپتۇ تاشلار يالاپ ....
قارىغىن، ئاران كەلگەن ئۇ يات ئالچاق،
سەمرىپ چوت سۇقىدۇ كۆڭلى خۇشچاق،
قان ، تېرىڭ ، كېتەر ئۇنىڭ ئاچ نەپسىگە،
قالدىڭسەن لەۋنى چىشلەپ بولۇپ قاشقاق...
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم ،
ئاچ دۈشمەن ياڭاق چاققان خازان يۇرتۇم.



خۇدانى تاشلاپ قويۇپ، تاپتىڭ «خۇدا»،
ئۇ سېنى ئەل ئىشقىدىن قىلدى جۇدا،
شۇ «خۇدا» باشلاپ كەلدى بار ئاپەتنى...
بەخت يوق خورلۇق يەتتى ساڭا ئۇدا.
ئاتالمىش شۇ «خۇدا» سى تۇرغان جاللات،
ھەر سۆزى قان، ياش، ئاچلىق، ئاھۇپەرياد،
بىھۇش بوپ «دۇرۇتى» دىن سەن بىلمىدىڭ،
بىر كۈنى بىلىپ قالۇر ئۇرۇق ئەۋلاد.
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
شەيتانغا ئىمان ساتقان نادان يۇرتۇم.

يات دۈشمەن پىتنىسىگە قۇلاق سېلىپ،
دوستۇڭنى خوپ زارلاتتىڭ دۈشمەن بىلىپ،
تۇغقىنىڭ تەييار قىلدى ساڭا ئورا،
كۆپ ئۆتمەي ئۇمۇ چۈشتى ئاخىر كېلىپ.
ساددىلىق شۇ خۇيۇڭغا ياتلار زوقمەن،
ئاغزىدا «ھى - ھى» قىلار دىلدا ئۆچمەن،
قوي، بۆرە ياشىغانمۇ بىر قوتاندا،
قوي يېمەس گۈل بۆرىنى كىمكەن كۆرگەن؟
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
ياتقا كەڭ ئۆزىگە قاپقان سەرسان يۇرتۇم.

بەختىم، دەپ كۆرەڭ سۆزلەپ داغسۇ تاپتىڭ،
ئاقنانىنى كۆرمەي قويدۇڭ زاغرا ياقتىڭ،

«مەن كىممەن» دەيسەن سىلاپ پېشانەڭنى،
تىلسىزسەن ھېچكىم بىلمەس ئىشارەڭنى،
يوقاتتىڭ ئەلمساقتىن بوۋاڭ قويغان،
مۇبارەك ئۇلۇغ نامۇ نىشانەڭنى.
مىڭ لەنەت، ئاشۇ رەڭۋاز شوم تارىخقا،
سەۋەبكار قايغۇئەلەم ئۇ بارلىققا،
تىگى جوت قەست دۈشمەننى كەلدى باشلاپ،
قوچوغۇڭ تولدى شوندا ئاچ - زارلىققا ...
ئېلىمسەن موڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتوم،
يات دۈشمەن ئايىغىدا پايخان يۇرتوم .

بايلىقىم - بەختىم دەيسەن ئەلگە قاراپ،
دان تېرىپ، مال باقىسەن تاغدا زارلاپ،
كېيگىدەك ئەسكى چورۇق تاپالمايسەن،
پۇتلىرىڭ يېغىر بوپتۇ تاشلار يالاپ ....
قارىغىن، ئاران كەلگەن ئۇ يات ئالچاق،
سەمرىپ چوت سوقىدۇ كۆڭلى خوشچاق،
قان ، تېرىڭ ، كېتەر ئۇنىڭ ئاچ نەپسىگە،
قالدىڭسەن لەۋنى چىشلەپ بولۇپ قاششاق...
ئېلىمسەن موڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتوم ،
ئاچ دۈشمەن ياگاق چاققان خازان يۇرتوم.



خۇدانى تاشلاپ قويۇپ، تاپتىڭ «خۇدا»،
ئۇ سېنى ئەل ئىشقىدىن قىلدى جۇدا،
شۇ «خۇدا» باشلاپ كەلدى بار ئاپەتنى...
بەخت يوق خورلۇق يەتتى ساڭا ئۇدا.
ئاتالمىش شۇ «خۇدا» سى تۇرغان جاللات،
ھەر سۆزى قان، ياش، ئاچلىق، ئاھۇپەرياد،
بىھوش بوپ «دورۇتى» دىن سەن بىلمىدىڭ،
بىر كۈنى بىلىپ قالۇر ئۇرۇق ئەۋلاد.
ئېلىمسەن موڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتوم،
شەيتانغا ئىمان ساتقان نادان يۇرتوم.

يات دۈشمەن پېتىنىسگە قولاق سېلىپ،
دوستوڭنى خوپ زارلاتتىڭ دۈشمەن بىلىپ،
توغقىنىڭ تەييار قىلدى ساڭا ئورا،
كۆپ ئۆتمەي ئۇمۇ چۈشتى ئاخىر كېلىپ.
ساددىلىق شۇ خويۇڭغا ياتلار زوقمەن،
ئاغزىدا «ھى - ھى» قىلار دىلدا ئۆچمەن،
قوي، بۆرە ياشىغانمۇ بىر قوتاندا،
قوي يېمەس گۆل بۆرىنى كىمكەن كۆرگەن؟
ئېلىمسەن موڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتوم،
ياتقا كەڭ ئۆزىگە قاپقان سەرسان يۇرتوم.

بەختىم، دەپ كۆرەڭ سۆزلەپ داغىسۇ تاپتىڭ،
ئاقانىنى كۆرمەي قويدۇڭ زاغرا ياقتىڭ،

قارا تۈن، نىپىرلايسەن ئۈيان - بۇيان،
كاڭ پەلەك ساڭا باقماس سەن ناتاۋان،
ئۆزگىلەر ئەرك تىپىپ بەختىن كۈيلەر،
ھە سەنچۇ قۇللۇقۇڭدا دەرتمەن ھامان.
ئىلمىسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم.
نومۇسى خورلۇق تارتقان ھەيران يۇرتۇم.
كۆلگەندەك قىلغان بىلەن كۆزدە يېشىڭ،
ئۆرىدەك تۇرغان بىلەن شورلۇق بېشىڭ،
بىلمەن دەرغەزەپتە سەن كۈنۈ تۈن،
تۈنجۇققان يانار تاغدۇر قەلبىڭ سېنىڭ.
ۋۇلقاندەك ئۇت ئالارسەن كۈنلەر كېلىپ،
شۇ ئۇتتا ياۋنىڭ تەختى پۈتەر يېنىپ،
تۇغۇلار چىن مەرتلىكتىن ئانا تەڭرى[1]،
ئەركىنلىك سائادەتنىڭ نۇرىن چېچىپ.
ئىلمىسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
ئامان بول، كېلەر بىر كۈن دەۋران يۇرتۇم.

1970 - يىل كۈز، غولجا ئوبلاست تۈرمىسى

---

[1] تەڭرى - تەڭرى تېغى دېمەكچى.

ئىشلەيسەن تۆت جان بولۇپ يېرىم قورساق،
ئۆتكەندە باللىرىڭنى قانداق باقتىڭ؟
ئەپتىڭدىن توپا ياغار سەن كۈلسەن،
دەردىڭنى ئۆزەڭ بىلىپ جىم يۈرسەن،
قازىنىڭ قۇسۇپ قاپتۇ ماي كۆرمەستىن،
خۇجايىن چىش كولسا تەلمۈرسەن.
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
يۈزىدىن قېنى قاچقان نىمجان يۇرتۇم.

كونىلىق ـ دېدىڭ بۆ كىنى ئۇتقا تاشلاپ،
كىيىپسەن خىماۋزىنى باشقا قاپلاپ،
تەخىيى تۆت چىشلىقلام بولدى ياتىنىڭ،
شۇڭلاشقا «نەۋرەم» دەيدۇ سېنى ماختاپ.
يا سەن بىر خېنەنلىك سەن، يا خۇنەنلىك،
ئېيتقىنا زادى سېنىڭ ئەسلىڭ نەلىك؟
تونالماي سېنى تۆتىنىڭ ئارسىدىن،
ئۆز داداڭ ھەسرەت چېكەر دىلى غەملىك.
ئېلىمسەن مۇڭغا پاتقان ۋەيران يۇرتۇم،
گۈل ھۆسنۈڭ كەتتى قايان سامان يۇرتۇم.

بىر نارسەن چۆلدە كەزگەن يۈكلەر يۈدۈپ،
خوجايىن رازى ئەمەس شۇنچە يۈرۈپ،
بوزلايسەن ھار كەلگەندە كېتەلمەيسەن،
ئېشەكنىڭ قۇيرىقىدىن چۇلۇك ئۈزۈپ.

## بىشقەدەم جىگىنىڭ ئوغلىغا ۋەسىيىتى

ئىشىت ئوغلۇم، ساڭا ئەمدى ئۇزۇن تارىخ ھېكايەتتىن،
سۆزۈم باشلاي قۇلاق ئاڭلاپ، كۆزۈم كۆرگەن رىۋايەتتىن.

قەدىمى شەرقىي تۈركىستان بابالارغا ماكان بولغان،
ئۇلاردىن مىراس بىزگە ئۇزۇن تارىخ داۋامەتتىن.

دىلداۋەتەن مېھرى ئۇلۇغ ئەمگەكنى يار قىلغاچ،
قاقاس چۆللەرنى باغ قىلغان چېكىپ ئەجرۇ رىيازەتتىن.

تېغى ماللار بىلەن تولغان، قوچاقلارى چىمەنزارغا،
خامانلار تاغ بولغان گۈرۈچ، بۇغداي زىرائەتتىن.

جىمى ئالەمگە مەشھۇردى گۈزەل قەشقەر بىلەن خوتەن،
ئىدىقۇت ھەم كۇچار، ئاقسۇ قالغاي قايسى داڭقى شۆھرەتتىن.

ئىلى مەردانە مېھمان دوست، ئىلىم - سەنئەتكە كۆپ خۇشتار،
ئۆتەتتى كۈنلىرى خۇشچاغ يىراقتى قايغۇ ھەسرەتتىن.

ئۆتەتتى توختىماي كارۋان، يۈرەتتى ھەر تەرەپلەرگە،
كېلەتتى زارىقىپ سەيياھ چىن، ھىندۇ سەمەرقەنتتىن.

جاھان بازارىدا مەشھۇر ئىپەك، گېلەمگە كان ئەردى،

## بايرام ئەبسەدە...

(دوستۇم مۇرات ھەمرايۇپقا[1])

بۈگۈن بايرام شەرپىگە ئىچكەنسەن شاراپ،
قەدەھلەرگە تولغۇزغانسەن بىزگىمۇ ئاتاپ.
مەنمۇ ئىچتىم زىندان ئىچرە مېھرىڭدا يېنىپ،
كۆز ياشلىرىم قەترىسدىن يولۇڭغا قاراپ.
كەلسەڭ باھار ئەيىامىدا ياشناتتى گۈلۈم،
ئىچسەك ۋىسال شارابىنى بولماستىن خاراپ ...

1970 - يىل 7 - نويابىر، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

---

[1] مۇراتىپبىك كەرىم ئوغلى ھەمرايىۋ- (1936- 1983) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر زىيالىسى بولۇپ ، تىل - ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە پروفېسسور دوكتور ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى ، ئاتاقلىق شائىر ھەم تەرجىمان. شائىرنىڭ تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان چاغدىكى يېقىن دوستى.

خەلق قوزغالدى ھۆرلۈك دەپ بوۋام[1] شۇ سەپنىڭ ئالدىدا،
ياۋنغا قارشى ئاتلاندى تېشىپ غەزەپۇ - نەپرەتتىن.

بوۋامنىڭ زۇلپىقارىدىن نېجىس دۇشمەن زاۋال تاپقان،
يۇزىن ئاچقان ئۇلۇغ تارىخ ئەجەپ مەردانە خىسلەتتىن.

ئۆتەتتى قانلىق ئەسىرلەر ئىلىم تاپماي شىپالىقنى....
خەلقىنىڭ باغرى قان - زەرداپ بىزار بولۇپ قايغۇ كۈلپەتتىن.

ئىسمىدە بار دادام مەرھۇم شۇ شىگىنىڭ قولىدا ئۆلدى،
تاغامغا زەپ ئەجەل يەتتى گومىنداڭ نەس كاساپەتتىن.

نىچۇن دەيمەن قارا قۇللۇق پەقەتلا بىزگىلا يارمۇ،
يارالدۇقمۇ بۇ دۇنياغا قۇتۇلماس بوپ شۇ ئىللەتتىن؟

ۋاراقلاپ ئانا تارىخنى دىلىمدا بىر قىساس ياندى،
مۇھەببەت باغلىدىم ئەلگە ئەشۇ چاغ قۇتلۇق سائەتتىن.

تۇغۇلدۇم قايتا دۇنياغا ئىلىم مېھرىگە ھېچ تويماي،
نەزەر سالدىم ئانا ئەلگە تۇراتتى غەمدە كۈلمەستىن.

كۆرۈندى تاشلىرى گەۋھەر، ئۇلۇغ دەريالىرى كەۋسەر،
تۇپرىغىن توتىيا بىلدىم، تۇرامتىم كۆزگە سۇرمەستىن.

---

[1] بوۋام ـــــ سادىر پالۋاننى دېمەكچى.

چىمەنلەر ئۈلگە سورايتتى تۇغۇلغان خانۇ ئەتلەستىن.

تالاي ئۆتتى ئالىم، شائىر ئەسىرلەر كۆكىدە چاقناپ،
ئۇلار ئالدىدا يۇلتۇزلار يۈزىن ياپقان خىجالەتتىن.

تېغىدا ياۋغا ئورۇن يوق، بېغىدا قاغا ـ قۇزغۇنغا،
تۇغۇلغان مەردۇ مەيدانلار ئېلى بەرگەن شىجائەتتىن.

لېكىن خانلار سۈرۈپ ئىشرەت مەزلۇم ئەلنى خار قىلدى،
دىلىدا قالمىدى ئىنساپ يىراقلاشتى دىيانەتتىن.

تۇغۇلدى مىڭ بەختسىزلىك خىيانەت قىلدى شۇم خانلار،
نېمە كەلگەي شۇ دەم ئەلگە ياۋۇز دۈشمەن قاباھەتتىن.

كىرىپ كەلدى شۇ ئاچ دۈشمەن ئېلىمنىڭ بەختىنى كۆزلەپ،
تۆكۈلدى قىپ ـ قىزىل قانلار، ۋەتەن ئىڭرار جاراھەتتىن.

ئېچى زەھەر بىلەن تولغان ئېلىمنىڭ دۈشمىنى شۇدۇر،
خەلقنى ئايرىماق مەقسەت يورۇقلۇق، بەختۇ ئامەتتىن.

ئېلىغا مېھرىۋان جانلار قارا كۈنلەر يېتىپ كەلسە،
قولىغا نەيزە ئالغايكىم بولمىغاي ھېچ بىرى نا مەرتتىن.

ئەرك سۆيگەن كۆرەش دەيدۇ، كۆرەشتە بەختۇ ئىستىقبال،
ئىلىڭغا جان پىدا قىلغىن، كىمىكەن ئۆتكەن ئۆلمەستىن؟»

پارىلداپ ئىلقىدا ياندى ئەجەپ بىر ئوت - يورۇق گۈلخان،
چىللاپ ئەلنى ھۆرلۈككە قۇتۇلدۇرماق جاھالەتتىن.

بىلەپ ئابرالنىڭ تاشىدا قولۇمغا شەمشىرىم ئالدىم،
بابالار بەردى نۇسرەتنى تۇغۇلدۇممەن جاسارەتتىن.

قولۇمدا گاڭ قۇرالىم بار، ۋەتەنىنىڭ نامى قەلبىمدە،
يارالدى بىر يېڭى دۇنيا ئۇلۇغ مەردانە جۈرئەتتىن.

ئىلى ئاسمانى - سۈزۈك ئاسمان، تۇغۇم ھۆرلۈكتە يەلپۈلدەر،
كېلەتتى شادىمان كۈنلەر ئىلىمگە شانۇ شەۋكەتتىن.

سۈرۈپ شىددەت بىلەن ئىنماي ياۋۇز دۈشمەننى ھەر دەمدە،
قىراتتىم زارىغا باقماي يىراق بولدۇم خىيالەتتىن.

رەقىبنىڭ تەلپىكى ئۇچقان ئىتىمنى ئاگىلغان چاغدا،
نىجىس دۈشمەن زاۋال تاپقان ماڭا كەلگەن مۇشۇ نۇسرەتتىن.

ماناس دەريا .... تۇغۇم شۇندا، تۇغۇمنىڭ شولىسى چۈشكەن،
ئاق بوغدا ئويغىنىپ تاڭدا يىراقتى ئۇيقۇ غەپلەتتىن.

پايانسىز ساپ يېشىل ئورمان كۆزۈمنىڭ كىرپىكى بىلسەم،
ئۇنىڭ چۆللىرى گۈل بوستان كۆڭۈل ئۇنامدۇ كەزمەستىن.

يۈرەر دەشتۇ باياۋاندا ئوتلاپ بۇغا، مارال، كەكلىك،
ئۇلارنى باغرىمغا باسسامدىم ئۆزەمگە ئەيىب ئەتمەستىن.

ۋەتەن ھۆسنىگە نۇر بەرگەن خەلقىم كۆزىچە ياش كۆردۈم،
ۋەتەننىڭ پەيزىنى يادلار سۈرەر ھېچ قايغۇ چەكمەستىن.

ئىلى دۇۋلقۇنلىرى چەكسىز، كۆزۈم چۈشتى يىراقلارغا...
دىلىم زوقلاندى ھەيران بوپ ئەجەپ پەيزى قىياپەتتىن.

پەقەت ئورتىدا بىر دەريا، لېكىن پەرقلىق ئىككى دۇنيا،
بىرى شاد بەختىنى كۆيلەر، بىرى ئېڭىرار ئاسارەتتىن.

خىياللار ئورنىغا ئالدى مېنى ھەردەمدە سوراقلاپ،
قۇتۇلغايمۇ ئەزىز ۋەتەن تىرىكتاپ مۇشۇ ئاپەتتىن؟

شۇ چاغ باشىمدا چەرخ ئۇرۇپ بەخت بوستانىدىن سۆزلەپ،
قۇتۇلدۇردى مېنى بىر قۇش چىكىش، قىستاڭغۇ ھالەتتىن.

ئۇ دەيتتى: - «ھەيدە قۇزغۇننى، بېغىڭنى پاكلا نەسلەردىن،
سائادەت دىلبىرى كەلمەس ئېلىڭنىڭ بەختى كۆلمەستىن.

يانا تۇردۇم ئىچىم قايناپ تېشىپ دەريادەك ئەرلىكتىن.

ئاۋاز سالسام ئاۋازىمغا قوشۇلدى قەھرىمان جانلار،
رەقىبىنىڭ تەختى سىلكەندى پىداكارلىق پەزىلەتتىن.

كۆرەش يولى - ئەگرى - توقاي، قارا زىندانغا بەنت بولدۇم،
ئىشىمدىن پۇشمانىم يوقتۇر، يىراقمەن قايغۇدىن، دەرتتىن.

ئۆتەر يىللار، تۇتۇشۇپ بەل شۇ زىندان ئىچىدە جەڭدە،
يېڭىپ ئۆتتۇم توسۇقلارنى چىقىمدىمەن پولات سەپتىن.

بارىكاللا، ساڭا ئوغلۇم! دىلىڭغا تاڭنى جا قىپسەن،
خەيرلىك بىر قەدەم ياخشى، مىڭ ئىغىز قۇرۇق گەپتىن.

رەقىبىنىڭ ھەيۋىتى كۈچلۈك، لېكىن دۈشمەن زاۋال تاپقان،
كۆرەش قىلغىن ئاداققىچە قەدەم چۆشكەن مۇشۇ پەيتتىن.

كۆرەش يولى - بەسى مۇشكۈل لېكىن مېۋىسى بەك شېرىن،
ئۇلۇغ بىناغا بىر خىش بول، قۇرۇققول قالما پۇرسەتتىن.

تىگرىقما باس كۆرەشلەردە مەغرۇرلۇق ئېتىغا مىنمە،
بېلىڭدىن كەمىرىڭ يەشمە، يىراق بولغىن قانائەتتىن.

قۇتۇپ يۇلتۇزى ياناماقتا، بولار غەلىبە چوقۇم بىزنىڭ،
كۆتەرسۇن قەد ئىشەنچتىن تاغ ئېشىپ تۇرغان ئىگىز ئەرشتىن.

تۇتۇپ ۋەتەننى قەلبىمدە، ئاكوپتىن ئاتلىسام دەتتىم،
كۆتەتتى زارىقىپ قەشقەر تۇتۇپ يولۇمغا چايشەپتىن.

شۇ چاغ پەيت دەپ يېتىپ كەلدى پەرىشتە رەسمدە ئالۋاستى،
يېقىلدى بۇ ئاياغىمغا قىلىپ ئىكرامۇ ئىززەتتىن.

دەرىخا! ئاشۇ شۇم شەيتان قولۇم تۇتقاردى دەي - دەيلەپ،
پەرىشتە ۋەدىلەر قىلدى بەخت، ھۆرلۈك، شاپائەتتىن.

«ھېزى بول، قارا ئىبلىستىن قاچان جىندىن قۇتۇلغان كۈن،
- دادام دەيتتى - رەھىم كەلمەس قۇرۇق سۆز رەڭۋازۇ ئۈلپەتتىن.»

كەڭ ئاچتىم داستىخانىمنى پەرىشتە تەييارغا دۇم چۈشتى،
ئۈنى مەن بەھرىمەن قىلدىم تېرىم تۆككەن نازۇ نېمەتتىن.

ئىست! - دەيمەن ۋاپايىمغا بېشىمغا سالدى سەۋدالار،
ئۇ تۈلكە پۇشتىدىن تامغان ئادەم خور، ھىيلىگەر پەستتىن.

بەخت، ھۆرلۈك دىگەن ئەلنى قەدەمدە دار ياساپ ئاستى،
ئۈنىڭ قەستى ھۇقۇش ئوخشاش ھۇزۇر تاپسا زۇلۇماتتىن.

پايانسىز كەڭرى بوستانىم يانا ئايلاندى دوزاخقا،
خەلق زارلاندى قۇللۇقتا ئەلەم كۆرگەچ شۇ سۇربەتتىن.

كەڭ ئاسمانغا ئۆرگەنگەن قۇش كۇنەرمۇ تار قەپەز، دانغا،

## تۇن قوينىدا...

قاراڭغۇ تۇن دەھشەت زىم - زىيا،
تۇن قوينىغا چۆمگەندۇر زىندان.
تۇن باسار، دەرت ئېزەر، يۈرەكنى ئېيۋاھ،
خىيالىم يىراقلاردا كېزەر دەر - بەدەر،
مەن بولسام زىنداندا ياتىمەن ھامان....

كۆز ئالدىمدا مىسكىن ۋەتىنىم:
قەدىمى تارىخنىڭ شانلىق گۇۋاھى -
شۇ قانلىق ئەسىرلەرنىڭ ئەركسىز ئاشناسى،
ماڭا ھايات بەرگەن جانىجان تۇپراق.
كۆز ئالدىمدا تارىم ئاقار - ئاقار قان، تېرىم،
ياش ئەمەس قان ئاقار - قان، زەردەپ، يىرىك،
شۇ ئاقۋاش تەگرىنىڭ سۆيگەن ئېلىمنىڭ،
ئەسىرلەر قۇللۇقنى ئارتقان ئېلىمنىڭ،
ئەرك!، دەپ، تاڭنى دەپ كۆز يېشى بۇلاق.

كۆز ئالدىمدا، زىندان شۇ قانلىق زىندان،
بۇندا ئازاب - قايغۇ پەيزىنى تاپقان،
يەرمۇ قان،

تاممۇ قان،

ئىشكلەرمۇ قان،

سېغىنغىن خانتەڭرىگە دائىم بالالار روھىنى شاد قىل،
سەپەردە يولدىشىڭ بولسۇن ۋاپادار تاغ يۈرەك مەرتتىن.

ئېلىڭ دەردىگە ھەم دەرت ئېلىڭگە چىن ۋاپادار بول،
كۆزۈڭ قارچۇغىدەك ساقلا تۇغۇڭنى ياتقا بەرمەستىن.

قورالنى تاشلىما ھەرگىز ئەڭگۈشتەر ئۇ بىباھا بىلسەڭ،
جېنىڭغا جان قوشۇپ جەڭدە ساقلىغاي ئۇ يالماۋۇز نەستىن.

كېلەر كۈنلەر كۈلۈپ تاڭدەك، كېلەچەك شۇنچىلىك پارلاق،
ئۇيغات ئەلنى ھۆرلۈككە چىقارما ھېچ بۇنى ئەستىن.

قۇچاغلاپ كۆرۈشۈشلەر بار ئۇلۇغ تاڭ نۇرىدا بىر كۈن،
مېنىڭ ھالىم ساڭا يەتكەي ھازىرچە ئىككىلىك خەتتىن.

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

دەريالاپ قان ئېچتىڭ نەپسىڭ ھېچ تويماس،
زاۋاللىق كۆلكىسى بۇ بېشىڭغا كەلگەن،
بەدنىيەت پەيلىڭدۇر شۇ ئىشنى تەرگەن،
سۇرۇپ قال پەيتىڭنى ئاخىرقى دەمدە!
ئەنە تۇن قوينىدا زۇلمەت قوينىدا،
يۇلتۇزۇم ياناماقتا پارلاپ ۋە شادان.
غەپلەتتە ياتمىغىن، تۇرغىن مەرت ئوغلان!
قولۇڭغا ئال قىلىچ ياۋ تەختىنى چاق،
دەرت چەككەن ئېلىڭگە ۋەتىنىڭگە باق،
تاڭ نۇرلىرى چاقنار بىزنىڭ ۋەتەندە!...

1970 - يىل كۈز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

ۋەتىنىم، بۇ قانلار ـ سېنىڭ ساپ قېنىڭ!
يۈرەك تىپىرلايدۇ پاتماي قەپەزگە،
يۈرەك شىۋىرلايدۇ ھەربىر نەپەستە،
مەيلى ئاقسا ئاقسۇن شۇ بىر تامچە قان،
شۇ ئۇلۇغ قەسەمگە بولۇپ نەق نىشان،
ئارمىنىم ھېچ قالماس ئۆمرۈمدىن مېنىڭ!

كۆز ئالدىمدا زىندان ـ شۇ قانلىق گوداك،
ئىتلار يالار قۇربانلارنىڭ قۇتلۇق قېنىنى،
ھۇقۇش چۇقار شەھىدلارنىڭ پاكىز تېنىنى،
تىنماي چۇقار تويماس نەپسىگە،
يەتمەك ئىزدەر ئىپلاس قەستىگە،
يوقال ئەي قاتىل!

يوقال ئەي زالىم!

يوقال ئەي، جاھالەتنىڭ مەشئۇم خۇداسى!...
بوينۇڭغا ئېسىلغان قىزىل تىرناقلار؛
دەريالاپ تۆكۈلگەن ئاققان ياش ـ قاننىڭ،
ئاچلىقتا، خارلىقتا قىينالغان جاننىڭ،
نومۇسى خورلانغان مىليون ئىنساننىڭ،
بىگۇناھ ئۆلۈمنىڭ قانلىق قىساسى!...

يوقال ئەي زۇلۇماتنىڭ يىركەنچ خۇداسى!
قاھ ـ قاھلاپ كۈلسەن، كۈلكەڭ توختىماس،

لېكىن ئاشۇ شېرىن سۆزلەر يادىمدا.
چىن ۋاپادار، ئىسسىق نىگاھ كۆرمىدىم،
لېكىن ئاشۇ خۇما كۆزلەر ئالدىمدا.
تونجى سۆيگۈ، تونجى ھەسرەت بۆلەك-تە،
ئۇنتۇلامدۇ، ئاشۇ چاغلار يۈرەكتە.

ياشلىقىمنىڭ گۇۋاھىسەن ھەر نەپەس،
ماڭا سەندەك بىر ئەزىز يار تېپىلماس.
ئۆمۈر ئۆتكەن، قولۇم سوزسام قول يەتمەس،
ئەمدى كېلىپ سولغان گۈلۈم ئېچىلماس!
تونجى سۆيگۈ، تونجى ھەسرەت بۆلەك-تە،
ئۇنتۇلامدۇ، ئاشۇ چاغلار يۈرەكتە.

ئايدىڭ كېچە ئەسكە سالدى قايتىدىن،
قېنى مېنىڭ تونجى سۆيگەن نىگارىم.
تون سۆيگۈنىڭ ئاچچىق ھەسرەت دېغىدىن،
خازان بولغان مېنىڭ ياشلىق باھارىم.
تونجى سۆيگۈ، تونجى ھەسرەت بۆلەك-تە،
ئۇنتۇلامدۇ ئاشۇ چاغلار يۈرەكتە.

1970 – يىل كۈز، ئوبلاست تۈرمىسى - غۇلجا

# تۇنجى سۆيگۈ

كىچىگىمدىن بىللە ئۆسكەن يار ئىدىڭ،
سەنسەن مېنىڭ گۈلبېغىمنىڭ باهارى.
سېنى دېدىم، سەنمۇ ماڭا زار ئىدىڭ،
سەنسەن مېنىڭ ياشلىغىمنىڭ ناهارى.
تۇنجى سۆيگۈ، تۇنجى ھەسرەت بۆلەك- تە،
ئۇنتۇلامدۇ، ئاشۇ چاغلار يۈرەكتە.

ئېسىمدە بار ئاپپاق ئايدىڭ كېچىلەر،
لەۋلىرىڭدىن تۇنجى ئۆپۈش ئالغىنىم.
بار ھاياجان ئۈمىد بىلەن كۈتۈشلەر،
شېرىن ئىشق ئازاۋىدا يانغىنىم.
تۇنجى سۆيگۈ، تۇنجى ھەسرەت بۆلەك- تە،
ئۇنتۇلامدۇ ئاشۇ چاغلار يۈرەكتە.

قارا تەقدىر قول ئۈزۈپ بەختىمگە،
زالىم پەلەك قان يىغلاتتى، ئايرىدى.
قارا تۈنلەر دەھشەت سېلىپ قەلبىمگە،
بىر قۇش ئىدىم قاناتىمنى قايرىدى.
تۇنجى سۆيگۈ، تۇنجى ھەسرەت بۆلەك- تە،
ئۇنتۇلامدۇ، ئاشۇ چاغلار يۈرەكتە.

ئۆتتى يىللار، يۇرتلار كېزىپ كۆپ يۈردۈم،

"بەختىڭ كەلسە سېنى كۆرسەممەن"،
دەيتتىڭ ئانا مېنى قۇچاغلاپ.
ئانا، ئانا! بىزنى ئالدىغان،
شۇ رەھىمسىز، شۇ رەڭۋاز پەلەك.
مەزلۇم ئەلدۇر يەنە زارلىغان،
تار قەپەزدە سىقىلار يۈرەك.

قار لەپىلدەر، ئانا شۇ دەمدە،
ئولتۇرغانسەن چارقىڭ ئېگىرىپ،
تەنتىككىنى ئەسلەپ ئەلەمدە،
قالغان چاغدا يىپلار چىگىلىپ.

قىش گۈرۈلدەر... زىندانىنىڭ ئىچى،
ئاچلىق، ئازاب، سوغدا زارلايدۇ.
ئىشىكىمدە گوندىپاي ئىتى،
تۆكلۈكومدىن چېرىك مارايدۇ.

گۆدەكلىكىم ئۆلمەس گۇۋاھى،
قېنى دوستلار، قېنى شۇ چاغلار؟
ھەر باھاردا گۈللەپ، قىش چېغى،
ئاق قار باسقان قەدىناس باغلار.

سىز ئەمدى چۈش، سىز ئەمدى خىيال،
سىز قالدىڭىز شۇنچە يىراقتا.

# قىش خاتىرىسى

قار لەپىلدەپ قارلار ياغىدۇ،
كەڭ دالىغا ئاپپاق ئىز سىلىپ.
ئېگىز كۆكتىن بۇلۇت ئاغىدۇ،
بوران ھۇۋلار شوخ پۇشتەك چېلىپ.

تۇغقان مەلە تولغان چۇقانغا،
تەنتەك دوستلار بەزمە بىلەن مەست.
ئىخ، گۆدەكلىك ئارام يوق جانغا،
دىل ئەركىدە شوخلۇق ھەم ھەۋەس.

باشتا مال خاي، پۇتۇمدا چورۇق،
قىر، ئېتىزلار توشقان قوغلىغان.
تېزەك تېپىپ، مىنىشىپ "تورۇق"،
ئۇغلاق تارتىپ بىزدۇق تويلىغان.

ھېرىپ - ئېچىپ ياناتتىم ئۆيگە،
شۇ گەمىمىز غۇۋا يورۇقتى.
ئېسىڭدىمۇ ئانا، شۇ كۈنلەر،
مېھرىڭ بىلەن قەلبىم تولۇقتى.

ئىستاتتىڭ ئۆز باغرىڭ بىلەن،
قىزىل مارجان قوللىرىم سلاپ.

## مەھبۇس

زىندان ھېچ توختىماس جاللات ھەيۋىسى:
"ئاسىيسەن ئېلىڭگە بولدۇڭ گۇناھكار"
مەھبۇسنىڭ يۈزىدە غەزەپ كۈلكىسى،
بوش كەلمەس سۆزلىرى ئۇچقۇنلاپ يانار:
"ماڭا ھېچ كېرەكمەس ياتلار ۋەتىنى،
مەزلۇم ئەل ئوغلىمەن - تەگرى[1] پەرزەندى،
يولۇم ھەق، ئىشىمغا ئېلىم مەدەتكار!"

جاللات سىيايەدۇر زىنداندا بۇ كەچ،
«ئېيت دەيدۇ بارىنى ساڭا كۆپ ئىنئام.»
زەھەرلىك ئىلاندەك شىۋىرلار يىركەنچ،
مەھبۇسنىڭ قېنى تاشار ئۇيقۇنلۇق قاينام:
ياق ئۆلۈم ئەۋزلدۇر، مەن خائىن ئەمەس!
يالقۇنلۇق قەسىمىم دىلدا ھەر نەپەس.
ۋەتەن مېھرى بىلەن سۈت بەرگەن ئانام!

زىندان، جاللات تۇتقان قاتىل پىچىقى،
مەھبۇسنىڭ تېنىدىن كېسەر بىر سويۇم.
يىرتقۇچتىن ياۋۇزدۇر جاللات يۈرىكى،
بۇندا ئازاب - قايغۇ، بۇندا بار ئۆلۈم.
مەھبۇس دەر: "يانا ئىچ زىندان كۆچىكى،
بىر تامچە قانىمۇ قالدۇرماي تېخى،
ۋەتەنىنىڭ ئەركىدۇر - تاللىغان يولۇم!"

---

[1] تەگرى ـــــ تەگرى تېغى.

سىزنى ئەسلەش شۇنچىلىك ئېغىر،
سىز قىينايسىز دىلنى ئازاپتا....

ئۆتكەن ئۆمۈر - ئۆتكەن شۇ كۈنلەر،
كۆز ئالدىمغا كېلەر تىزلىنىپ...
قار لەپىلدەپ، قارلار ياغىدۇ،
گۆدەكلىكىم ئىسىمگە سېلىپ...

1970 - يىل نويابىر، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

## قەشقەر قىزى

قەشقەر قىزى گۈلغۇنچە،
چىشلىرى سەدەپ ئۈنچە،
ئوتتۇق تەگدى كىيلىپ شۇنچە،
كۆيدۈرمە يۈرەكىمنى.

باغدا بۇلبۇلۇق بولسام،
شېخىڭغا بېرىپ قونسام،
مېهرىڭگە قېنىپ تويسام،
تۇتقىنە بىلەكىمنى.

قىش كەتتى، باهار كەلدى،
تۈن كەتتى، ناهار كەلدى،
ئالدىڭغا خۇمار كەلدى،
ئۇققىنە تىلەكىمنى.

1970 - يىل قىش، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

قىش، ئاياز، مۇز باسقان زىندان ئىچىنى،
ياۋايى ھايۋاندەك ھۇلار زىمىستان.
مەھبۇس تىك ئولتۇرار چىشلەپ لىۋىنى،
جاللات ھەيرانلىقتا قارايدۇ ھامان...
مەھبۇسلار دەر: «جەم قىلغىن ئالەم قىشىنى،
ھېچقاچان ئۆچرەلمەيسەن قەلبىم ئوتىنى،
ۋەتىنىم ئىشقى يانار ـ يۈرىكىم گۈلخان!»

زىندان، ئازاب ـ قايغۇ باسار يەلكىنى،
ئويلىماس يارىنى، ئۆز غېمىنى ئەسلا.
قەلبىدە ئېلىنىڭ سۆيگۈ، ھەسرىتى،
شۇ ۋەتەن ئىشقى بىلەن تاپار تەسەللا.
مەھبۇس دەر «ئارتساڭمۇ ئازاب تېغىنى،
ئەي جاللات ئەگمەسمەن مەغرۇر قەددىمنى،
ۋەتەنىنىڭ گۈل بېشى بولسا ئامانلا!»

زىندان، ئون يىل ئۆتتى قوغلىشىپ قاتار،
مەھبۇس كۆردى بۇندا دوزاخ كۈنىنى.
چاچلارغا ئاق كىردى ھەم بولدى ناكار...
زىندان يېگەلمىدى قەلب كۈچىنى...
مەھبۇس دەر: «ئەي جاللات، جاھالەت پاتار،
ۋەتەندە مەڭگۈلۈك ئەرك تېڭى ئاتار...
ھېچقاچان تۇسالمايسەن كۈنىنىڭ نۇرىنى!»

1970 - يىل قىش، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

كۆلىلىق خىزمەتكارىم مەندىن زوركەن،
تاس قالدى يوقاتقىلى مېنى يۇتۇپ.

بەختىمنى تاپاي دېدىم جاھان كىزىپ،
كۆردۈممەن شۇنچە كۆپكەن مىسكىن ـ غېرىپ،
بەخت دەپ مېنى تۇغقان ئەل يىغلايدۇ،
مىليون جان پەريات چېكەر جاندىن بېزىپ.

تووۋا! دەپ ياقام تۇتۇپ پېقىر ـ يېتىم،
تەگرىمگە[1] قېنى مېنىڭ بەختىم دېدىم،
يا ماڭا بەختسىزلىك قوش كىزەكمۇ،
يا بىر كۈن ئۆگشىلارمۇ شورلۇق بېشىم؟

ئاشۇ چاغ ئانا تەگرى ماڭا قاراپ،
بىر ئېغىر ھەسرەت چېكىپ قىلدى جاۋاب:
"بىلىمەن دەرتلىرىڭنى مىسكىن بالام،
شۇ ھالدا سېنى كۆرۈش ماڭا ئازاب.

بەخت بار ئەل ئارمىنى ـ ئارزۇسىدا،
شورلۇغۇڭ ئەلنىڭ قۇللۇق قايغۇسىدا،
ئەرك ـ دە! ئەل ئىشقىغا رىشتە باغلاپ،
ئۆلسەڭمۇ ياۋۇز ياۋنىڭ جادۇسىدا.
قۇللۇق كۈن ـ زۇلمەتلىك تۈن، قىينالغان جان،
يات دۇشمەن قان تېرىڭنىڭ مېغىزىن چاققان،

---

[1] تەگرى ـ تەگرى تېغى.

## چىن بەخت

كۆپ ئىچتىم بۇ ھاياتنىڭ ئاغۇسىنى،
زامانلار ئارتتى تاغدەك قايغۇسىنى،
بەختىم دەپ كۆككە باقسام شۇ قۇياشنىڭ،
بۇلۇتلار توستى يورۇق ياغدۇ[1] سىنى.

بەختىمنى ئەمگىكىمدىن تاپاي دەپ مەن،
ئىشلىدىم كېچە ـ كۈندۈز چېپىپ كەتمەن،
يىل ئۆتتى پۇچۇق زاغرام پۈتۈن بولماي،
بارغانچە قايغۇم ئېشىپ بولدۇم دەرتمەن.

بەختىمنى تاپاي دېدىم مەرىپەتتىن،
ئوقۇدۇم قۇتۇلاي دەپ شۇم غەپلەتتىن،
كۆزلىرىم پەرق ئەتسە ئاق ـ قارىنى،
بۇ بېشىم قۇتۇلمىدى ھاقارەتتىن.

بەختىمنى تاپاي دېدىم قاراقاشتىن،
دېدىمكى خورلۇق كېتەر يالغۇز باشتىن،
باللىرىم يىغلاپ قالدى ۋەيرانىلىقتا،
كۆزىمىز قۇرىمىدى قانلىق ياشتىن.

بەختىمنى تاپاي دېدىم مەنسەپ تۇتۇپ،
بىر دەملىك شەنجاڭ بولدۇم ئۈستەل قۇرۇپ.

---

[1] ياغدۇ ـــــ نۇر.

## مەھبۇس ئايالى

كېچە كۈندۈز ئىشەنچتە كۈتەر مەھبۇس ئايالى،
ئۇزۇن يىللار ئايرىلغان يار يولىغا قارايدۇ...

پەلەك سالدى جۇدالىق يارى كەتتى يىراققا،
يىغلاپ قالدى ياش ئانا كىم ئۇلارغا قارايدۇ.
كەچكۈزدىكى غازاڭدەك ئۇچتى ئاھۇ - پەريادى،
پەلەك زوقۇم يەتكۈزدى ھەر تەرەپكە پالايدۇ.
خۇشلىقى شۇ يېنىدا بىر جۈپ گۈلى ھەمدەملىك،
ئۇلار ئۈچۈن نان ئىزدەپ، ئىشلەپ زادى ھارمايدۇ.
روزغار غېمى، خورلاشلار يېگەلمىدى ئانىنى،
ئايال ئەمەس ئۇ بىر مەرت ئەرەنلىككە يارايدۇ.
نامۇ ئالدى "مەھبۇسنىڭ ئايالى" دەپ شۇ يىللار،
ئاشۇ نامدىن زوقلىنار ھەرگىز ئۇندىن تانمايدۇ.
ۋەتەننى دەپ يار كەتتى سۈرگۈن بولۇپ تارىمغا،
يار ئىشقىنى چىڭ ساقلاپ، چاچلىرىنى تارايدۇ.
بۇسۇغىسى كۆرمىدى يات ئاياقلار ئىزىنى...
يار سۆيگۈسى دىلىدا گويا كۈندەك پارلايدۇ.
تۇنجى ئۆپۈش، ۋەدىلەر يارنىڭ ھىدى دىماقتا،
ئۆتمەي گويا ئىپاردەك گۈپۈلدەيدۇ - پۇرايدۇ.
ناگان - ناگان چۈشىدە كېلەر يارى ئىشىككە،
ئۇنى مەھبۇس ئايالى گۈل - چېچەككە ئورايدۇ.
بەزەن ھېيتتا - بايرامدا ئۆكسۈپ ئاچچىق ياش تۆكەر،

ئىشەنمە ئېرىتقۇنىڭ سۆزلىرىگە،
قايسى جان قۇللىقىدىن بەخت تاپقان؟!

تۇر ئوغلان! ئەل ئوغلىسەن ئەلنى باشلا،
ئېلىڭنىڭ دۈشمىنىنىڭ كۆزىنى ياشلا،
بېشىڭغا بەخت قۇشى شۇ كۈن قونار،
ھەيدەلسە گۇل ئېلىڭدىن تەييار تاپلار!"

شۇ سۆزدىن قۇۋۋەت ئالدىم كۈچكە تولۇپ،
كۆزلىرىم روشەنلەشتى قەلبىم يورۇپ،
ئاقتىمەن ئەلنىڭ غەزەپ دەرياسىدا،
ات دۈشمەن - لوجىلارنى باسماق بولۇپ.

كۆرەش يول: ئەگرى - توقاي، سۇرلۇك داۋان،
بۇ يولدا نەسىپ بولدى ماڭا زىندان،
ئېلىمنىڭ قەست دۈشمىنى شۇم دېۋىگە،
يەڭ تۇرۇپ بىر تاش ئاتتىم، نېمە ئارمان؟

بۇ كۈرەش مېنىڭ سۆيگەن ئەھدىم بولۇر،
ئۆمرۈمدە تاپقان مېنىڭ بەختىم بولۇر،
ياشايمەن مەزلۇم ئېلىم ئىشقى بىلەن،
بارلىقىم جان ۋەتەنگە تەقدىم بولۇر.

1970 - يىل قىش، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

# بايانلي[1] جىگى
## (داستان)

### 1

- ئېيتقىن بوۋا، ئېيتقىنا، باياندايىنىڭ جىگىنى،
- ئۇزۇن تارىخ، بۇ بالام، ئېيتىپ كەلسەم چىنىنى.

توقسەن بەشلىك يېشىم بار، كۆرگىنىم يوق كۆزۈمدە،
كىچىكىمدە ئاڭلىغان نەۋكەر بوۋام گېپىنى.

يۈز يىل بۇرۇن يات دۈشمەن كەلگەن شەرق تەرەپتىن،
قەستى ئۇنىڭ قۇل قىلماق تەگرى ئوغۇل، قىزىنى.

ھەر قەدەمدە قان تۆكەر، ئەلنى باستى بىر ئاپەت،
يۇرت ھەققىگە چاڭ سالار تويغازماق بوپ گېلىنى.

زەپ زاماندى ئەل ئويغاق، تاشقان دەريا غەيرىتى،
ۋەتەن دېسە، ئەل دېسە بەرگەن ئېزىز جېنىنى.

مەرتلەر ئىچرە مەرت ئىدى سادىر[2] قاڭرۇق ئۇ چاغلار،

---

[1] باياندايى - غۇلجا شەھرى يېنىدىكى شۇ ناملىق يېزا.

[2] 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاغلىق سەركەردىسى، قەھرىمانى ھەم مەشھۇر قوشاقچىسى.

چۈنكى ئۈنىڭ باللىرى دادىسىنى سورايدۇ.
چوقۇم كېلەر، - دەيدۇ ئۇ قەددىن رۇسلاپ ھەردەمدە،
شەك - شۈبھە يۇ گۇمانىنىڭ يوللىرىنى تورايدۇ.
لېكىن ئازاب، قايغۇلار يۇتتى قەيسەر يىگىتنى،
ئۇنىڭ مىسكىن قەۋرىنى قۇملار كۆچۈپ ئارلايدۇ.
قۇچۇپ ياتار باغرىغا شۇ مۇقەددەس دىيارنى،
ئۇنىڭ روھى ھەر سەھەر يورۇق تاڭنى چىللايدۇ.

كېچە - كۈندۈز ئىشەنچتە كۈتەر مەھبۇس ئايالى،
ئۆزۈن يىللار ئايرىلغان يار يولىغا قارايدۇ....

1970 - يىل قىش، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

ئەخمەق ئىكەن جاڭ جاڭجۈن سېپىل سوقتى قەدەمدە،
قوتقازماق بوپ ئۆلۈمدىن ئەجەل تەككەن بېشىنى.

3

ئەرك تۇغى غالىب تۇغ سۈردى ياۋنى شىددەتتە،
باياندايغا تىقىلدى ياۋ يىغالماي ئىسنى.

- باياندايىنىڭ سېپىلى ئېگىز، قېلىن ھەم پۇختا،
- دەيدۇ دوتەي - ھەي چەنتۇ، بىگىسەك بولسا ئال قېنى!!

ئوق ياغدۇرار يامغۇردەك ئېگىز، ھەيۋەت سېپىلدىن،
دۇمبۇرلىتىپ گاھىدا جەڭ دۇمبىغى - دېپىنى.

ھەپتە ئۆتتى كۈتۈشتىن تىت - تىت بولار يىگىتلەر،
تالاي مەرتلەر بەردى جان ھېچ قىلالماي ئېپىنى.

مەرتلەر! - دېدى: شۇ سادىر جەڭچىلەرگە كۆز تاشلاپ،
كۆرۈپ مەرتلەر يۈزىدە ئەلنىڭ ھەسرەت - غېمىنى.

- ماڭ ئارقامدىن، مەرت بولساڭ سېپىل مەھكۇم ئۆلۈمگە،
رەھىم قىلماي سورايلى كۆككە ئۈنىڭ كۈلىنى.

تۇشمۇ تۇشتىن ئەگەشتى ئۇتتۇز يىگىت سادىرغا،

ئانا تارىخ ئۇنتۇماس شۆھرىتىنى ـ دېگىنى.

2

ئۆسكەن ئىلى بويىدا، ئەل قايغۇسى ئويىدا،
قىساس ئوتى ياندۇرغان ئۇنىڭ پاكىز دىلىنى.

قولدا پولات قىلىچى، ئەرك كۆيىنى ياڭرىتىپ،
ياۋغا قارشى ئاتلانغان ئۇنبەش دېمەي يېشىنى.

مەرت ئاتالدى ياش سادىر قالدى قانلىق زىندانلار،
ئىگەلىدى باتۇرنىڭ مەزمۇت، قەيسەر بىلىنى.

قان، ياش ئاقار يىغلار بىنا بولدى بىر تۇپان،
قانداق تۇسسۇن جاك دارىن ئەلنىڭ غەزەپ سېلىنى.

سادىر دەيدۇ ـ ئىلىم بار ـ يۆلەنچۈكۈم، تىغىم بار!
ئازاب چەككەن مەزلۇم ئەل بەرگەن ئاڭا مېھرىنى.

"ئەييا!" دەيدۇ زارلىنىپ، كۆرەدىكى جاك دارىن،
ئارام خۇدا ئۇخلالماي، ئۆتكۈزەلمەي كېچىنى.

بۇ يات زېمىن، باي تۇپراق، شۇنچە سېمىز تەييار گۆش،
تاشلاپ زادى كېتەلمەس ئىچىشتۇرار ئىچىنى.

گەجگىسىدە سىپىلىنىڭ سادىر تۇرار قەد كىرىپ،
ئالامانغا كۆز تاشلاپ باسالماستىن ھېسسىنى.

سانجاق ـ سانجاق نەيزە، تۇغ يانار قۇياش نۇرىدا،
باسقان شادلىق دۇلقۇنى سىپىل ئىچى ـ تېشىنى.

ـ قېرىنداشلار ـ دەر سادىر ـ ئەرك كۇنۇڭ مۇبارەك،
يەر چىشلەتتۇق خاقاننىڭ ئاغزى قانلىق ئىتىنى.

بۇ بىر قەدەم مەنزىلگە ئالدىمىزدا چوڭ يورۇش،
تېخى ياۋنىڭ ئاستىدا چەكسىز ۋەتەن زېمىنى.

بېيجىڭدىكى شۇم خاقان بەختىمىزگە كۆز تىككەن،
قەستى ئىچمەك ئەبەتكە ئەلنىڭ قان، ياش، تېرىنى.

كۇن چىقىش، دەپ ھاڭ باقما، سەگەك بولغىن ۋەتەنداش،
شۇندىن كېلەر قەست دۇشمەن قىلىپ ھىيلە ـ مىكرىنى.

ئەۋلادىمىز ھاياتكەن قۇل بولۇش يوق شۇم ياۋغا،
بىز قوغدايمىز جان تىكىپ ئەلنىڭ نۇسرەت بېغىنى.

5

ئۆتتى يىللار، ئەسىرلەر، ئەلنى باستى جاھالەت،

تەييار ئىدى ئەل ئۈچۈن ئاقئۇزماققا قېنىنى.

شىرغا ئوخشاش سۈر بىلەن چۈشتى مەرتلەر مەيدانغا،
ئاتقان ئوقى، توپلىرى قورقىتالار كىمنى؟!

ئۆتۈپ قانچە توساقتىن يەتتى سېپىل تۈۋىگە،
ئىش باشلىدى زەرپ بىلەن تۆتۈپ ئەپلىك پەيتىنى.

لەخمەت قازدى ئۈچ يەردىن دورا كۆمدى پۇختىلاپ،
تەييار! - دەيدۇ يىگىتلەر مەھكەم تۇتۇپ پىلتىنى.

ئۆز قولىدا ئوت ياقتى سادىر كۆرەڭ سېپىلغا،
پۈتمەس غەيرەت - جاسارەت ئوراپ ئالغان جىسمىنى.

گۈمبۈرلىگەن ئاۋازدىن كەلدى زېمىن لەرزىگە،
ھەق - ئادالەت ۋۇلقىنى يۇتتى سېپىل تېمىنى.

بوران ئوخشاش تاشلاندى چۇقان سېلىپ بارچە ئەل،
سېپىلدىكى دۈشمەننىڭ چاقماق بولۇپ چىشنى.

دارغا ئاستى دوتەيىنى، بىر رەت چىقتى پۇخادىن،
شادىيانىدا مەزلۇم ئەل يۇيۇپ كۆڭۈل دىغىنى.

4

## ماناس بويىدا[1]

ئۆتتى يىللار، ئۇ كۈنلەرگە ئۆتتى تالاي بىر زامان،
ئاشۇ كۈنلەر خاتىرەمدىن مەڭگۈ چىقماس ھېچقاچان.

كىچىك ئىدىم، گۆدەك قەلبىم دەرت ئەلەمگە يار ئىدى،
ۋەتەن ۋەيران، ئېلىم بىر قول، يۇرۇق تاڭغا زار ئىدى.

قارا ئىبلىس قامچا تۇتۇپ مىنگەن ئېلىم بېشىغا،
ماناس ئاققان قان، زەرداپتا تولۇپ ئەلنىڭ يېشىغا.

كەچكۈز ئىدى، چاقتى چاقماق، كەلدى زېمىن لەرزىگە،
خلن تەگرىدىن چىقتى كۈنۈم، چۈشتى دۈشمەن ۋەھىمگە...

تەگرى ئوغلى سالدى چۇقان زۇلپىقارى قولىدا،
قاچتى دۈشمەن، ياندى تۇغلار ، ماناس دەريا بويىدا...

ئىسمىدە بار توپ ئالدىدا مىنگەن جەرەن ئاغمىقى،
نۇسرەت قونغان شۇ بېشىدا بوۋام كىيگەن قالپىقى.

«قېرىنداشلار، ئەرك مۇبارەك، دېگەن داھى ئەخمەتجان[1].

---

[1] ماناس ــ ئۈرۈمچىنىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيىسىنى ھەم شۇ ناملىق دەريا.

ئۇنتۇمىغان مەزلۇم ئەل سادىر بوۋام ئېتىنى.

بوۋام روھى ياتمايدۇ ئەلنى چىللاپ غازاتقا،
ئىنتىزار بۇپ كۆرمەككە ئەلنىڭ يورۇق تېڭىنى.

1971 - يىل فېۋرال، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

قالدى كىشنەپ مىڭلاپ تۇلپار، قالدى مەرتلەر ياش تۆكۈپ،
تۇستى بولۇت يۇلتۇزۇمنى، قالدى باغلار سولۇشۇپ....

لالما بولۇت، سەن زۇلمەتنىڭ سۆيگەن يارى - ئاشناسى،
شۇ بويۇڭدا بەختى كۆلگەن گۈل ئېلىمنىڭ قىساسى.

ئۆتتى يىللار، قىساس ئۆلمەس، باقى ئەمەس زۇلمەت تۈن!
چىقار بىر كۈن مەڭگۈ پارلاپ خان تەڭرىگە چۆككەن كۈن!

1971 - يىل مارت، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

دەست كۆتەردى مەرت قەددىنى بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان.

بۇ بىزنىڭ يەر ـ بىزنىڭ ۋەتەن، يات دۈشمەننىڭ يوق ھەققى،
يولىمىز ھەق، غەلىبىمىز نەق، بىز مەزلۇم ئەل پەرزەندى.

يېتەر قۇللۇق، ئال ئەركىڭنى، خار بولمىغىن نامەرتكە،
ئەل قىساسى يالقۇنلىسۇن، ھەيدە ياۋنى لەھەتكە!

ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلغىن ئىنسان بولساڭ مۇبادا،
ئەرك، ھۆرلۈك شۇنچە قىممەت تەڭدىشى يوق دۇنيادا.

تەگرى ئوغلى، سۈرۈپ ياۋنى، پاكلا ۋەتەن كۆكىنى!»
دېگەن داھى جۇت بولۇتقا نەيزە قىلىپ قولىنى.

ماناس دەريا ياتار مەرتلەر ئاكوپلاردا ئۈمتۈلۈپ...
مەشئۇم بولۇت ئالىياتتى گۈل بەختىمگە مۇز تۆكۈپ...

«داھى ئۆلدى!» كەلدى خەۋەر ئەلنى باستى مۇسىبەت،
ھەيۋەت تەگرى باشىنى ئەگدى، دىلنى ئەزدى ئاچچىق دەرت.

---

[1] ئەخمەتجان قاسى ـ رەئىس جۇمھۇر ئېلىخان تورەدىن كېيىن غۇلچىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى (1944 — 1949) نىڭ رەئىسى جۇمھۇرى، ئۇ ستالىن ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ سۇيىقەستى بىلەن 1949 ـ يىلى ئاۋغۇستتا يالغان ئايروپىلان ۋەقەسى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

# بۇلبۇل ۋە گۈل

بۇلبۇل: نەچچە يىللار ناتىۋان بۇلبۇل گۈلۈمنى ئاران تاپتىم،
گۈل: گۈلۈگەمەن غەمدە، ھىجرەگىدە يولۇڭغا ئىنتىزار باقتىم.

بۇلبۇل: گۈلۈم، كۆكلىم ۋىسل پەيتى سىنىڭ ئىشقىڭنى مەن كۈيلەي،
گۈل: سايرا، بۇلبۇلۇم سايرا، يۈرۈمنى بىر ساڭا ئاچتىم.

1971 - يىل باھار، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

## بۇلبۇلغا

تېپىپسەن يارىڭنى، ئەي بۇلبۇل، باھاردا شادىمان ئەيلە،
كۆرەلمەس قاغا ـ قۇزغۇننىڭ دىلىنى لەختە قان ئەيلە.

باھار يىلنىڭ ئەجەپ پەيتى، ئۇنىڭ خوش گۈللىرى ئەلۋان،
چېكىپ ئەجرۇ ۋىسال تاپتىڭ، بۇ ئالەمگە ئايان ئەيلە.

كەمىنەڭ ناتىۋانلىقتا، نىگارىم ئىشقىدا ھەر كۈن،
ئۇنىڭ ۋەسلىنى كۈيلەيمەن، شۇ ھالىمنى بايان ئەيلە.

1971 ـ يىل باھار، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

## جولپانغا

ئۇن سەككىزلىك يېشىمدا،
ئەلەم كۆپتۇر بېشىمدا.
بىر مەرتلىك بار ئىشىمدا،
ئۇيغۇر قىزى - چولپىنىم.

ئەرك دېدىڭ ئەل ئۈچۈن،
بۇ مۇقەددەس يەر ئۈچۈن.
دىلدا ياندى بار ئۆچۈڭ،
ئۇيغۇر قىزى - چولپىنىم.

قارا تۈندە ئوت يېقىپ،
گويا چولپان نۇر چېچىپ.
ماڭدىڭ تاڭغا يول ئېچىپ،
ئۇيغۇر قىزى چولپىنىم.

زۇلمەت توستى يولۇڭنى،
باغلاپ پۇت ۋە قولۇڭنى.
ئۇچەرمەكچى ئۈنىڭنى،
ئۇيغۇر قىزى - چولپىنىم.

زىندان ئىچرە ئەگمەي باش،
كۆزلىرىڭدىن تۆكمەي ياش.

# سابا يەتكۈز سالامىمنى

(باھار چېغى، غەمكىن باغ، گۈل ساباغا زارلايدۇ...)

سابا يەتكۈز سالامىمنى نىگارىمغا يامان بولدۇم،
كۆيۈپ كۈل بولدۇم ھىجراندا چىرايى زەپىران بولدۇم.

پەلەك سالدى جۇدالىقنى قەدىردان بۇلبۇلۇم كەتتى،
بېغىمغا قوندى شۇم قوزغۇن يۈرەكىم لەختە قان بولدۇم.

ياقامنى چاك ئېتىپ ھەردەم كۈتەرمەن يار نىگاھىنى،
قۇياش سۆيمەي پۇتاغىمنى ساغىرىپ سامان بولدۇم.

ۋاپاغا ئىشقۋاز كۆڭلۈم پەلەكنىڭ خورلىغىن تارتتى،
گادامەن ئىشق بازارىدا رەسۋايى جاھان بولدۇم.

ئىست كۆكلەمۇ ئۆتمەكتە ۋىسال باغىدا كۈلمەستىن،
خۇمارىم نە خىيال ئەيلەر پەسىل يەتمەي خازان بولدۇم.

ھۇزۇرلان ئەي نىجادى، سەن لەزىز سۆيگۈ ئازابىدىن،
مۇھەببەت ئالىمى ئىچرە ۋاپاغا چىن خاقان بولدۇم.

1971 - يىل باھار، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

## ھىجران زارى

تەقدىر بىزنى قوشۇشنى قوشتى،
بەختىمىزگە قەست قىلدى زامان.
ۋىسال تاپقان كۆنلەر ئاز ئۆتتى،
ئاشنا بولدى تۈگىمەس ھىجران.

ئۆتەر يىللار گۈلۈم يىراقتا،
غۇنچىلىرىم تۆكەر دەرت ـ پىغان،
قارا كۈنۈم خورلۇق ئازاپتا،
مەن زىنداندا ياتىمەن ھامان.

نىچۈن تەگرىم سىلىپ شۇ كويغا،
دەرتلىرىمگە بولمايسەن دەرمان.
ھىجران تۈنى كۆكتە بولۇتلار،
ۋىسال تىڭى ئاتارمۇ،
قاچان؟

1971 – يىل باھار، ئوبلاست تۈرمىسى – غۇلجا

ياۋ ھېلىسىن قىلدىڭ پاش،
ئۇيغۇر قىزى - چولپىنىم.
ئەل ئاغزىدا داستانسەن،
ئەزىم دەريا تاشقانسەن.
قانچە بەلدىن ئاشقانسەن،
ئۇيغۇر قىزى - چولپىنىم.

ئۆتتى ئايلار، ئۆتتى يىل،
قىساس ئوتتى ئۆچمەس، بىل.
تاڭلار ئېتىپ ياشنار دىل،
ئۇيغۇر قىزى - چولپىنىم.

چولپىنىما - چولپىنىم،
ئون سەككىزگە تولغىنىم.
بىر تۇرمىدە بولغىنىم،
ئۇيغۇر قىزى - چولپىنىم.

1971 - يىل باھار، غۇلجا ئوبلاست تۇرمىسى

ۋەتەن مېھرى ئۈندىگەچ يازدۇق ئوتلۇق ئەشئارلار[1]،
شۇ ئالدامچى تارىخنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ.

ئەركى يوق ئەل - ئەل ئەمەس، ئۇ بىر قۇللۇق بازارى،
ياندۇق ئەلنىڭ ئىشقىدا كېچە - كۈندۈز ئېچىنىپ.

قىيىن ئىدى ئايرىلىش گۈزەل چىرچىق بويىدىن،
چاقىراتتى گۈل ۋەتەن بىزگە قاراپ ئىنتىلىپ.

قايتتۇق ۋەتەن قوينىغا بەربات بولدى ئارزۇلار،
تۇرغان ئىكەن نەس زالىم ھەر قەدەمدە تور سېلىپ.

بىز پالاندۇق چۆللەرگە ئۈمىدىمىز ئۆچمىدى،
قارا تۈنلەر قوينىدا يورۇق تاڭنى ياد ئېتىپ.

شۇ پىشانەڭ ئۇق ئىكەن قايتا ئۈچتۈڭ گۈلشەنگە،
ئارزۇيۇڭغا يەتتىڭسەن خىزىر ساڭا يول بېرىپ.

---

[1] شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ تاشكەنتتە ئوقۇۋاتقان 33 ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار 1961 - يىلىنىڭ بېشىدا ماۋچىلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي زۇلمىدىن شىكايەت قىلىپ، سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئوچۇق خەت يېزىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. بۇ يەردە مۇئەللىپ شۇنى كۆزدە تۇتىدۇ.

## دولقۇنغا[1]

كېچە كۆردۇم چۇشۇمدە يۇرگۇدەكمىز يېتىلىشىپ،
گۇزەل ئەنھار بويىدا سىېنىڭ بىلەن چاي ئىچىپ.

ئەپسۇس بىر جاغ ئويغاندىم، ئۇچتى خىيال قۇشلىرىم...
ئون يىللاردىن ھالقىدى سەن تەرەپكە يول ئېلىپ.

ئىسمىدە بار تېخىچە... بىز قورغاستىن ئۆتكەن كۇن،
ئالدىمىزدا تۇراتتى گۇزەل دۇنيا كۆز ئېچىپ.

قەلبىمىزدە ۋەتەننىڭ شۇ بىباھا سۆيگۇسى،
جۇش ئۇراتتى دولقۇنلاپ، تەنگە سىغماي ئېتىلىپ.

كۆپ بۇلۇشتۇق سورۇندا - تۇغقانلارنىڭ يۇرتىدا،
ئىنسان بەختى ھەم ئەركى تارار بۇندا نۇر چېچىپ.

شۇندا بىلدۇق سەبداشلار ئەرك نېمە، ئەل نېمە،
بىلدۇق ۋەتەن قايغۇسىن ئوي، پىكرىمىز يېتىلىپ.

---

[1] دولقۇن ياسىن (ئۇچقۇن) - تالانتلىق شائىر ۋە ژورنالىست. شائىر بىلەن جەتتەلدە بىللە ئوقۇغان ۋە بىللە خىزمەت قىلغان سەپدىشى. 1968 - يىلى 10 - ئايدا جەتتەلگە قېچىپ چىقىپ كەتكەن. ھازىر ئالماتادا.

## ناخشلار...

قاراساچىم ئاقارىپتۇ...

ئالەم ئۆزۈن زالىم پەلەك ئەزدى باغرىمنى،
قىسقا ئۆمرۈم كۆرەرمىكىن بويى تالىمنى.

ئاھ يارىما، سەۋرى نازىم،
ئىشقى ئوتوڭدا كۆيدى جانىم.

چەككەن ئازاب، قانلىق ياشلار يېتەر ئۆمرۈمگە،
كېچە يۇلتۇز، كۈندۈز كۈندىن سورا ھالىمنى.
(نەقرات)
ئۆتەر يىللار ئۈمىد بىلەن يولۇڭغا قاراپ،
ئاشىق بولساڭ تېزراق كۆرسەت ئاي جامالىڭنى.
(نەقرات)
قارا ساچىم ئاقارىپتۇ ھىجرىڭدا دائىم،
ئارمان يوقتى كۆرۈپ ئۆلسەم گۈل نىگارىمنى.
(نەقرات)

مەنمۇ ماگدىم شۇ يولدىن لېكىن تەلەي كاتى كەلدى،
«يېڭىستام» دا تۇتۇلدۇم ئاز قالغاندا بىر غېرىچ.

نالىمايەن بەختىمدىن چىن تۆمۈرنى باشلاپ كەل،
يالماۋۇزدىن قۇتقازسۇن مەختۇمنى تېز كېلىپ.

باتۇر كەلسە شان قۇچۇپ مەختۇم يېتەر ئارمانغا،
شۇنداق چوڭ توي بولغۇسى بارچە ئەلنى شاد قىلىپ.

تېپىشارمىز قەدىناس ئاشۇ تويدا ـ بايرامدا،
ئارزۇمىزغا يېتەرمىز نەغمە ـ ناۋا، ساز چېلىپ.

1971 ـ يىل باهار، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

# ئايدۆڭ ناخشىسى

باراقسان مەللەر گۇلباغلار ئارا،
قەدىناس شۇ ئايدۆڭ گۇزەل ھەممىدىن.
يار يۇرگەن كوچىلار يۇرەككە داۋا،
سۆز باشلار سۆيگۇنىڭ باھار پەسلىدىن.
قوينىڭدا ئۆستۇممەن يار بىلەن بىللە،
ئىشقىمغا كىپىلسەن، ئەي ئايدۆڭ مەلە.

ماي[1] ئىدى، جۇت سوقتى تۇكۇلدى گۇللەر،
بۇلبۇلۇم جۇدا بۇپ كەتتى يىراققا.
كاڭ پەلەك دەستىدىن غەمكىن كۆكۇللەر،
غونچىدىم، سولدۇممەن ئۇتتى - يىراقتا...
يار كەتتى، مەن قالدىم غۇلجا ئايدۆڭدە،
يار سىنىڭ سۆزلىرىڭ دائىم يادىمدا.

كۆپ بولدى يارىمنىڭ كەلمەس نىشانى،
شۇ يازغان خەتلىرىم يەتمەس تارىمغا.
دەرت چەكتىم ھىجراننىڭ بارمۇ ۋىسالى؟
يەر - ئاسمان تولغاندۇر ئاھۇ - زارىمغا.
ئايدۆڭ ھەم تارىمنىڭ ئارىسى يىراق،

---

[1] 1962 - يىل 29 - ماي ۋەقەسى قىرغىنچىلىق كۆزدە تۇتۇلغان. يۇقىرىدىكى تېكىستلەر شۇ نامدىكى ناخشىلارغا تەقلىد يېزىلغان.

# تورغاي ناخشىسى

ئېلى يولى ئەگرى توقاي ـ ئەگرى توقاي،
توقايلىقتا سايرايدىكەن بىر جۈپ تورغاي.
تورغاي سورار ئامرىغىمنى مەندىن تىنماي:
يالغۇزلۇقتا سېنىڭ كۆڭلۈڭ قانداق تولغاي؟
ـ پەلەك سالدى جۇدالىققا بىزنى قويماي،
ئاڭلا تورغاي، يارىم كەتتى يۈرەك تويماي.
ئېيت زارىمنى ئامرىغىمغا بىر ـ بىر قويماي،
شۇ باھاردا يارىم كەلسە نېمە بولغاي؟
قاي قىزىل گۈل خۇش ئېچىلغان بۇلبۇل قونماي،
قايسى ئاشىق مۇرات تاپقان مەشۇق بولماي؟
يۈرەكتىكى ئارمىنىمنى بىلگەندەك ئۇ،
باش ئۈستۈمدە ئايلىنىدۇ ئاشۇ تورغاي.

# دىلبەرگە

ئايا دىلبەر، سېنىڭ قەددىڭ سەرۋىلەرنىڭ ئاتاسىمۇ،
جاھان باغىدا گۈللەرنىڭ ئەجەب كۆركەم زىباسىمۇ؟

كۆزۈڭدىن ئامتىڭ كۆرۈپ پەلەكلەرگە بېشىم يەتكەن،
ئېقىپ پۈتمەس بۇلاقلارنىڭ كۆزۈڭ چەشمە جالاسىمۇ؟

دىلىم چۆككەندە زۇلمەتكە يۈزۈڭنىڭ شولىسى چۈشكەن،
يۈزۈڭ ۋىسال تۈنى يانغان يورۇق ئايى - چىراغىمۇ؟

سېنىڭ مېھرىڭ بولۇپ ئاپتاپ كۆزۈمدىن نەمنى كەتكۈزگەن،
سائادەت تاڭلىرى كەزگەن شۇ كۈننىڭ نۇر - زىياسىمۇ؟

پەلەك سالدى جۇدالىقنى دىلىمدا قالدى بىر ئاتەش،
ئارام بەرمەس بۇ تۈنلەردە ماڭا قالغان بالاسىمۇ؟

نىگارىم ئىشقىنى كۈيلەپ، شۇ خىسراۋدىن بالا كەلدى،
قولۇمغا سۇ قۇيالمايدۇ شۇ پەرھاتنىڭ جاپاسىمۇ.

كۆزۈمدىن ئاقتى قان، ياشلار ھىجران چۆلدە دەرت چەكتىم،
بولسا ھەم شۇنچە بولغاندۇر شۇ ۋامۇقنىڭ ۋاپاسىمۇ.

ئۆتەر يىللار، دىلىم خانۇز، نىگارىمدىن خەۋەر كەلمەس،

يىراقلىق ئۆزەلمەس كۆڭلۈمنى بىراق.
ئەي ئىلى بويىدىن ئۆچقان شاماللار،
بەر خەۋەر يارىمدىن، بارمىدۇ ئامان؟
يولۇمنى توسالماس دۆمبەش داۋانلار،
تاپارمەن يارىمنى بىر كۈنى هامان.
ۋاپاغا ئاشىقمەن بۇ هىجران پۈتەر،
ئايدۆڭنىڭ باغلىرى بۇلبۇلنى كۈتەر.

1971 - يىل ماي، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

# كەلدىم

نىگارا كۆزلىرىڭ ئاچقىن ئۇتۇڭدا سىغىنىپ كەلدىم،
گۆھەردەك تازا مېھرىڭنى دىلىمغا جا قىلىپ كەلدىم.

شۇ يىللار ئۆتتى ھىجراندا نىگاھىڭ ئىشقىدا زارلاپ،
غېرىپلىق پاتتى جانىمغا گۈلۈم قەدرىڭ بىلىپ كەلدىم.

قېنى بېغىمغا قەست قىلغان شۇ ئاچ كۆز بەتنىيەت دۈشمەن،
ئالاي ئۇندىن قىساسىمنى پولات خەنجەر ئېسىپ كەلدىم.

ئاشىقلار ھېچ مۇرات تاپماس رەقىبنى شارمىسار قىلماي،
باسارمەن شۇم رەقىبلەرنى ئەزىم دەريا تېشىپ كەلدىم.

غۇبار قالغايمۇ كۆڭلۈمدە كۆكۈڭنى پاكلىسام جۇتتىن،
پېشانەمدە ۋىقار پارلاق يورۇق نۇرلار چېچىپ كەلدىم.

باھار كەلمەكتە ئەي ياران، ۋىسال ئارزۇسىنى يادلا،
سابا مەن غۇنچەڭنى سۆيمەككە ئېگىز تاغلار ئېشىپ كەلدىم.

گىرە سال بويىنۇمغا تارتىنماي، بىمار قەلبىڭ شىپا تاپسۇن،
بولۇپ پەرۋانە ئىشقىڭدا گويا ئاتەش يېنىپ كەلدىم.

بەخت بولغايمۇ ئالەمدە چېكىپ ئەجرۇ ۋىسال تاپسا،
سېنىڭدىن باشقا يارىم يوق ئىشت سۆزۈم ئېيتىپ كەلدىم.

1971 - يىل يازى، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

يولغا ئىنتىزار بولدۇم كۆرۈنمەيدۇ قاراسىمۇ.

نىگارىم بىر نەزەر سالسا، رەقىبىم قان يۇتۇپ پۈتكەي،
غېرىپ باشىمدىن كەتمەمدۇ ئۇنىڭ خورلۇق - ئىزاسىمۇ.

قولىغا گۈل ئېلىپ كەلسۇن ۋاپاسىنىڭ نىشانى دەپ،
يېشىلسۇن بۇ چىگىشلەنگەن كۆڭۈلنىڭ مۇددىئاسىمۇ.

ۋىسال شارابىدىن ئىچسۇن نىجادى دەممۇ - دەم تىنماي،
بۇ دۇنيادا مۇرات تاپسۇن شۇ مەجنۇن مەھلىياسىمۇ.

1971 - يىل ياز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

سەرسان بوپ بىلمەي پەقەت قارارىمنى.

كۆنۈ ـ تۈن سېنى دېدىم ھېچكىم بىلمەس،
سېغىنىپ چەككەن ھەسرەت ـ پىراغىمنى.

«ئەرك!» دەپ كۆردۈم ئاخىر قانلىق زىندان،
ئارتتۇردى مېنىڭ قايغۇ ـ ئازابىمنى.

بەزىدە سېغىنىشتىن ياش تىزىلار،
تولدۇرۇپ مېنىڭ كۆزۈ ـ چاناغىمنى.

تاڭ ئاتسا كۆرسەم دەيمەن باغرىم قېنىپ،
«سېغىندىم قاراقات كۆز قاراغىمنى.»[2]

1971 ـ يىل ياز، ئوبلاست تۈرمىسى ـ غۇلجا

---

[1] كۈنگەيسۇ ـ داۋانچىڭنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان شۇ ناملىق جىلغا، 1966 ـ 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى شائىرغا رەسمەن «شىيۇجېڭجۇيىچى»، «چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» ھەم «ئەكسىلئىنقىلابچى» قالپاقلىرىنى كىيگۈزۈپ، شائىرنى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كۈنگەيسۇدىكى «غالىبىيەت» فېرمىسى ئەمما نازارىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. شائىر بۇ يەردە 1967 ـ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىغىچە ئېغىر ئەمگەك، قىيىن شارائىتتا ياشىدى، ئاخىرى شائىرنىڭ ھاياتى قاتتىق تەھدىتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ كېسەللىكىنى باھانە قىلىپ، ئۇرۇمچىگە قېچىپ كەتكەن.

[2] بۇ مىسرا قازاق شائىرى قاۋسىلقان قوزىبايېۋتىن ئېلىندى.

## بەرھاتقا

ئوغلۇم!- دەپ ئاستا چېكىپ ئاۋازىمنى،
ئەسلەيمەن دىلپارىسى چىراغىمنى.

ئاي ئۆتتى، يىللار ئۆتتى مەن زىنداندا،
سېغىندىم ئۆزى مۇگلۇق يىراغىمنى.

ئىسمىدە «ئىگگە!» دېگەن شۇ ئاۋازىڭ،
دىڭ تۇتۇپ ئاگلىغانمەن قۇلاغىمنى.

ھە، بۇگۈن سەككىز ياشقا كىردىڭ ئوغلۇم،
تولدۇرۇپ مېنىڭ پولات قاتارىمنى.

ئىخ، پەلەك! تاش يۈرەككەن ئىسسىتمىدى،
ئەندىلا قۇرغان ئۆيۈ - ئۇچاغىمنى.

ئاتىلىق چىن مېھرىمگە سەن قانمىدىڭ،
مەن كەتتىم، ئېلىپ سوغاق قۇچاغىمنى.

قاراقاپچىن[1]، كۈنگەيسۇدا[1] چەكتىم پەريات،

---

[1] قۇمۇل شەھرىنىڭ شەرقىدىكى شۇ ناملىق يېزا. شائىر 1964 - يىلىدىن 1966 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە قۇمۇلنىڭ قارامۇقچە، قارا قاپچىن قاتارلىق جايلىرىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، نازارەت ئاستىدا قاتتىق جازالانغان ئىدى.

تاڭ قۇياشى نۇر تۆكەر،
باشتىن كۆلپەت ـ غەم كېتەر،
دەيدۇ داداڭ سېغىنىپ:
گۈلى قىزىم ـ گۈل قىزىم،
ئامان ئۆسكىن كۆل قىزىم.

1971 ـ يىل ياز، ئوبلاست تۈرمىسى- غۇلجا

# گۆلگە

كۆزۈك ئاچتىڭ بېغىمدا،
قىزىم غەمكىن چېغىمدا،
ئاسرالمىدىم يېنىمدا،
دەيدۇ داداڭ سىغىنىپ:
گۆلى قىزىم ــ گۆل قىزىم،
ئامان ئۆسكىن كۆل قىزىم.

پەلەك زالىم خار قىلدى،
بىزنى ئايرىپ زار قىلدى،
مېنى زىندان «يار قىلدى،»
دەيدۇ داداڭ سىغىنىپ:
گۆلى قىزىم ــ گۆل قىزىم،
ئامان ئۆسكىن كۆل قىزىم.

ئەسلەپ سېنى ھەر ئاندا،
بىر كۆرمەككە ئارماندا،
كۆنلەر ئۆتەر پىغاندا،
دەيدۇ داداڭ سىغىنىپ:
گۆلى قىزىم ــ گۆل قىزىم،
ئامان ئۆسكىن كۆل قىزىم.

تۆنلەر كېتىپ كۆن كېلەر،

## بادام ۋە شامال

مۇنبەت تارىم ۋادىسىدا بادام زەپ ئۆسەر،
لېكىن ئۇنىڭ مېۋىسىنى قۇزغۇنلارغا تۆكەر.

شورلۇق بادام ھەسرەتلىنىپ ئېيتار زارىنى،
ئۇچۇپ ئۆتكەن شامالاردىن تېز جاۋاب كۈتەر.

«كۆكلەم گۈللەپ، تومۇز يازدا پىشتۇقمۇ يامان،
قېنى باغۋەن، شۇ ھىجراندىن نە مۇرات پۈتەر؟

قىشتا جۇدۇن، يازدا قۇزغۇن بەرمەستىن ئارام،
مەرت باغۋەننىڭ ھەق ئەجرىگە زەخمەت يەتكۈزەر.

باغۋەن كەلسە مەن كۆلەتتىم قۇزغۇن يوقالسا»
- دەيدۇ بادام تاتلىقىنە خىيالغا چۆكەر...

خانتەڭرىدىن[1] ئۇچۇپ ئۆتكەن ھەيۋەت شامالالار،
بۇلۇت باغرىن پارە قىلىپ سۆز قوشۇپ ئۆتەر...

نالىمىغىن شورلۇق بادام باغۋىنىڭ مەختۇم[2]،

---

[1] خانتەڭرى - تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئېگىز چوققىلىرىنىڭ بىرى.
[2] مەختۇم - مەختۇمبولا - چىن تۆمۈر باتۇر ھېكايىسىدىكى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى.

## ئون يەتتە يېشىمدا
(بىر ئوقۇغۇچى قىز ئاغزىدىن)

ئون يەتتە يېشىمدا كەلدى ئەلەملەر،
قاتمۇ قات غەم ئارا قالدى بۇ بېشىم.
كاژ پەلەك دەستىدىن چەكتىم ستەملەر،
ياش تۇرۇپ زىنداندا ئاقاردى چېچىم.

ئون يەتتە يېشىمدا كەلدى ئەلەملەر،
زەھەرلىك ئاغۇغا ئايلاندى ئېشىم.
ۋەتەننى ئويلىسام كۆزۈمدە نەملەر،
ھەسرەتلىك تارىمدەك ئاقىدۇ يېشىم.

ئون يەتتە يېشىمدا كەلدى ئەلەملەر،
ئەركى يوق قۇللۇقتا سۆزلەلمەس تىلىم.
خازان بوپ سولاشتى باغۇ - چىمەنلەر،
قەپەزگە ئايلاندى كەڭتاشا ئېلىم.

ئون يەتتە يېشىمدا كەلدى ئەلەملەر،
دەرغەزەپ دېڭىزدەك تاشىدۇ دىلىم.
ۋەتىنىم كەلمەكتە ئاجايىپ دەملەر،
سەن ئۇچۇن پىدادۇر مېنىڭ ياش جېنىم.

1971 - يىل ياز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

## بەنجاڭ[1]

ۋەتەن دېسەم تۇرمىگە سولىدىڭ يامان بەنجاڭ،
كۆزلىرى قىزىل قانلىق چىرايى سامان بەنجاڭ.

تۇرمە ئىچرە مىڭلاپ جان زۇلمىڭنى ئەجەپ تارتتى،
ئىنسانى پەزىلەت يوق قان ئىچكۈچ قاۋان بەنجاڭ.

پۇتۇمغا كىشەن سالدىڭ، قولۇمغا پولات كويزا،
كەسپىڭدۇر ئۇرۇپ، تىللاش قارا يۈز بىشىمان بەنجاڭ.

ھەركۈنى چۇمۇش داغىسۇ، قارا فاگودا[2] زەپ «باقتىڭ»،
كىشىگە قىلچە رەھمىڭ يوق زەھەرلىك ئىلان بەنجاڭ.

قولۇڭدا قارا كوسەي تۇرۇپ ئۆگزىدە تووۋلايسەن،
تېشىڭ پال - پال، ئىچىڭ تال - تال قورقانچاق قويان بەنجاڭ.

زارلايدۇ سېنىڭ ئاپەت ئاياغىڭدىن يېشىل بوستان،
قەستىڭ ئەلنى قۇل قىلماق بالاخور چايان بەنجاڭ.

شۇم زالىملىق پەيلىڭدىن سەن ئەمدى زاۋال تاپتىڭ،

---

[1] بەنجاڭ - تۈرمە ساقچىلىرى.
[2] فاگو - كۆممە قۇناقتىن قىلىنىدىغان ئىچى كاۋاك خىتايلارنىڭ ھو نېنى.

يالماۋۇزنىڭ چاڭگىلىدا دەرت - ھەسرەت چېكەر.

كۈن چىقىشتىن تىمىسقىلاپ كەلگەن ياۋۇز ئۇ،
قانلار تۆكۈپ بۇ تۇپراقتا پەيزىنى سۈرەر.

كويىقاپقا باش ئەگمىدى شۇ قەيسەر مەختۇم،
تەشنا بولۇپ كۆز ئوگىدا باتۇرنى كۆرەر.

ئاھ ئىست، دەپ تاغلار كېزەر باتۇر[1] كۈنى - تۈن،
كويىقاپنى گۇم قىلماقنىڭ قەستىدە يۈرەر.

يوقالماستىن شۇم يالماۋۇز قۇرىماس ئاپەت،
قاغا، قۇزغۇن، شۇم زىيانداش يوقالماس بىلەر.

جەم بولغاندا باتۇر، مەختۇم بادامىلىق باغدا،
بۇ جاپاكەش چەكسىز تۇپراق شاتلىققا كۆلەر.

نالىمىغىن، ياراڭ تاپار كۆكلەمدىن شىپا،
«سەبر قىلساڭ توڭ غورىدىن شەرۋەتلەر پۈتەر.»

قەددىن رۇسلاپ بادام كۈلەر ۋىسال ئارزۇلاپ،
ئۇنىڭ مەجرۇھ شاخلىرىنى شوخ شامال ئۆپەر...

1971 - يىل ياز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

---

[1] باتۇر - چىن تۆمۈر باتۇر.

# قارا ساچىڭ

نىگار كەتتىڭ يىراقلارغا كۆزۈمدە قارا ساچىڭ،
مېنى سالدىڭ پىراقلارغا سۆزۈمدە قارا ساچىڭ.

ئۆزۈڭ خوش پېئىل پەرى پەيكەر قامىتىڭ قىزىل گۈلدۈر،
زىلالىلار تالى مەۋجىنۈندەك دۈمبەڭدە قارا ساچىڭ.

كۆزۈم چۈشتى سىياقىڭغا شۇندىن بىئارام بولدۇم،
بويۇڭغا بىباھا زىننەت ھۆسنىڭدە قارا ساچىڭ.

ساياقى ئاشۇ ناكەسلەر خارلاپ ساچنى كەستۈردى،
مېنىڭچۈن ساقلىغىن دائىم كۆكسۈڭدە قارا ساچىڭ.

بولۇتتەك ئۈينىغاي ھەردەم ئەسكەن شۇ ساباللاردا،
بىھۇدە بولما ئاۋارە كۆپتۈرمە قارا ساچىڭ.

باغلىساڭ قولىرىم باغلا نىجادى بىر قۇلۇڭ بولغاي،
ئازار بېرىپ جالا ئاسما سۆردۈرمە قارا ساچىڭ.

1971 - يىل ياز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

ئېلىمنىڭ قەھرى قوزغالدى تۇرالمايسەن ھامان بەنجاڭ.

ئەنە جۇڭغار، شۇ تارىمدا يېقىلدى نۇر چىراق گۈلخان،
چاشقان تۈشكى مىڭسەر قاچارسەن قايان بەنجاڭ.

ئادالەت تاڭلىرى ئاتار يېڭىپ ئاخىر زۇلۇماتنى،
ئاشۇ كۈن پۈتكىنىڭ شۇدۇر قالمايسەن ئامان بەنجاڭ.

1971 - يىل ياز، غۇلجا ئۇبلاست تۈرمىسى

نەس ئالۋاستى تويمىدى ئىچىپ ئەلنىڭ قېنىنى،
ۋەيرانىدا بۇ ۋەتەن قالدى باغلار سولىشىپ.

قانداق چىدارمەن مەرت باغۋەن باھار چېچىغى گۈللىرى،
خازاڭ بولسا ۋاقىتسىز قايغۇ بىلەن پولىشىپ.

باتۇر ئالدى قىلىچىنى يەنە تۇلۇپ غەيرەتكە،
تارىم بىلەن تەڭرىتاغ كەتتى پوتكۇل قوزغىلىپ.

تۇزاق قۇردى نەس زالىم مەرت باتۇرنىڭ يولىغا،
شۇم ئالۋاستى ھېچقاچان ئادەم بولماس ئۇگشىلىپ...

كۆز شاملى گۈرۈلدەر يالغۇز زىندان ئىچىدە،
شۇ زىنداندا ئولتۇرار بىر مەرت باتۇر ئويلىنىپ.

زىندان ئىچىدە مەرت باتۇر ئۆتتى تالاي سىناقتىن...
ئۆلۈم دېگەن كاساپەت كۆز تىكسىمۇ دومسىيىپ.

قانداق يەڭسۇن باتۇرنى قىيناش، ئاچلىق، ئازابلار،
ئەل ئىشقىدا يۈرىكى يېنىپ تۇرسا چوغلىنىپ...

باتۇر دەيدۇ: «جاھالەت كۆكۈم تالقان بولغۇسى،
ئېلىم تاپار نىجاتلىق مەڭگۇ پارلاق تاڭ يورۇپ.»

قارا يىللار ۋەھىمىسى يېڭەلمىدى باتۇرنى،
چۈنكى ئۇنىڭ يۈلتۇزى يانار شۇنچە نۇرلىنىپ...

1971 - يىل ياز، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

# سەپدىشىم تۇرغان دارىغا[1]

ئۆتتى توققۇز باھار، ياز غازاڭ تاشلاپ قوغلىشىپ،
ئاقتى قانچە دەريا - سۇ ھەسرەت بىلەن تولغىنىپ.

كۆز شاملى گۈرۈلدەر يالغۇز زىندان ئىچىدە،
شۇ زىنداندا ئولتۇرار بىر مەرت باتۇر ئويلىنىپ.

ئۇ ئويلىنار ۋەتىنىنىڭ ئىزگۈ ھەسرەت - مۇڭىنى،
ئاشۇ ئويلار كۆيدۈرەر يۈرەك باغرىنى ئوت بولۇپ.

تېگىپ مەھكەم قەلبىگە ئانا تۇپراق مېھرىنى،
ئۆتكەن قانلىق جەڭلەردە ئۇچقان غالىب تۇغ بولۇپ.

ھەسرەتلىنىپ ئەسلەيدۇ ماناس دەريا بويىنى،
تېزگىن تارتىپ ئېتىنىڭ قويغان ئىدى توختىتىپ.

شۇ ئالۋاستى ياسىنىپ چىن پەرىشتە رەسىمدە،
كەلگىنىدە قول بەرگەن ئۆز دوستىغا ئوخشىتىپ.

ئالۋاستىدىن ھېچقاچان ياخشىلىق يوق ئىنسانغا،
ياخشىلىققا يامانلىق قاتار كەلدى قوغلىشىپ.

---

[1] تۇرغان دار 1944 - يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قەھرىمانلىرىدىن بىرى. 1962 - يىلى كوممۇنىستلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1971 - يىللارغىچە غۇلجا تۈرمىسىدە ياتقاندا شائىر بىلەن بىللە بولغان.

# ۋىسال ئارزۇسى

ياشلىقىمىز دىلبىرىم گۈزەل ئىدى نەقەدەر،
زۇلمەت ئىچرە قېپ قالدى ئۆتكەن كۈنلەر قارىسى.

ئايلار ئۆتەر، يىل ئۆتەر مەن مەنزىلسىز سەپەردە،
كۆرۈشتۈرمەس بىزلەرنى قول يېتىم يەر ئارىسى.

نالىمايمەن ئەل ئۈچۈن زىندانلاردا ياتقانغا،
مەن ئەمەسمۇ ۋەتەننىڭ سۆيگەن يۈرەك پارىسى؟

بەس يىغلىما، سەبرقىل يېتەر ئارزۇ ۋىسالغا،
شۇندا تاپار شىپالىق بۇ يۈرەكلەر يارىسى.

1971 - يىل كۈز، ئۈرۈمچى گۆكتەننىڭ تۈرمىسى

## ئەمدى

ئىشىت ئەرزىمنى ئەي دىلبەر، ئاداققى ئىلتىجا ئەمدى،
ئېچىلماس بۇ قارا كۆڭلۈم ئەلەمگە مۇپتىلا ئەمدى.

نىجاتلىق يۇلتۇزۇم سەندىك بېشىم ئۈززە يېنىپ تۇرغان،
يۇزۇڭنى جۇت بولۇپ توستى، ئىست بەختىم قارا ئەمدى.

كۆزۈڭدىن ياشلىرىڭ كۆرۈپ قارا زۇلمەتكە پۈت ئاتسام،
رەقىبىم ئەزدى قەلبىمنى يۈرەك دەرتتىن يارا ئەمدى.

ئاشىق دەردى شىپا تاپقاي گۈزەل مەشۇق ۋاپاسىدىن،
بۇنى دۈشمەن راۋا كۆرمەس تېپىلماس ھېچ داۋا ئەمدى.

بولۇپ بۇلبۇل سېنى كۈيلەپ، گۈلۈم غۇنچەڭ سۈيەلمەسمەن،
رىزا بول شورلۇق ئىشقىمدىن ساكا بولسۇن ئاگا ئەمدى.

تۇر ئۇيغان، قالما غەپلەتتە، رەقىبىنىڭ قەستى بەختىڭدە،
كۆزۈمدىن ئاقتى قان - ياشلار ساكا بولسۇن جاكا ئەمدى.

بارۇرمەن مويتۇگزىغا شۇ دەم ئاخىرقى دەم سېنى يادلاپ،
تۇرار جاللات قىلىچ شىلتىپ بېشىم تەندىن جۇدا ئەمدى.

نە ئارمان، بىر كېلىپ كۆنلەر يورۇق تاڭ سۈبھىنى سۆيسەڭ،
ئىسىڭگە ئال غېرىبىڭنى، ئامان بول ئەلۋىدا ئەمدى.

1971 - يىل كۈز، گوڭئەنتىڭ تۇرمىسى ئۈرۈمچى

بۇ زامان كىملەردىن قالمىغان زامان،
كەم بەخت ـ خورلۇقتا بولدۇم ناتىۋان،
كۆلمىگىن شورىمغا ئەتىكى كۈنۈڭ،
شۇ مېنىڭ ھالىمدىن بولغۇسى يامان.

5

يامغۇر ياغار توختار ئاخىرى،
بۇلاقمۇ ئاقار توختار ئاخىرى،
كۈنۈ تۈن يىغلايمەن مەن بەختى قارا،
كۆز يېشىم توختارمۇ ئەي يار، ئاخىرى؟

6

ياشلىقىم تېگىدا تۇتتۇم گۈزەل يار،
بېشىمغا كۈن چۈشسە قىلدى مېنى خار،
سولاشقان گۈلۈمنى ياشناتتى بىرسى،
بىلدىمكى ئۆمرۈمگە شۇ كۈن ۋاپادار.

1970 - 1971 - يىللار

# رۇبائىيلار

## 1

ياشلىقىم كۆلسەملا ئۈينىسام دەتتىم،
ئۆمرۈم دۇردانىسىنى شور يەرگە ئەكتتىم.
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە سولۇپتۇ گۈلۈم،
ياشلىقىم قايدىسەن؟ قەدرىڭگە يەتتىم.

## 2

ئىشەنمە گۈلجامال قارا قېشىڭغا،
خېرىداركۆپ كەلدى كۆردۈم قېشىڭغا،
غۇنچىدەك چېغىڭدا بىر ۋاپادار تاپ،
نۇر بېرىپ تۇرغاي ئۇ ئاپپاق چېچىڭغا.

## 3

يەتتە يىللاپ سېنى كۆرمىدىم،
يەتتە يىللاپ سېنى سۆيمىدىم،
تىرىك تۇرۇپ كۆيدۈم دوزاختا،
ئىشقىڭ بىلەن يانا ئۆلمىدىم.

## 4

بۇ دۇنيا گاھى كەڭدۇر، گاھى قەپەس.
تىگرىقما، كۈرەش بىلەن يوللار كەڭدۇر،
ھاياتلىق مەزلۇم ئەلگە شۇ چاغ تەڭدۇر.
شۇ تىلەك يانسۇن بىزنىڭ قەلبىمىزدە،
ۋەتەنىنىڭ گۈل بەختى بار ئەتىمىزدە.
كۈن كېلىپ ياخشى كۈنلەر بولسا نەسىپ،
جان ئۇكام، كۆرۈشەرمىز قۇچاغلىشىپ.

1972 – يىل ياز، گۇڭگەنىنىڭ تۈرمىسى- ئۈرۈمچى

# ھۆسنىڭ(2)

ئاكا، دەتتىڭ تىلىڭ ئەمەس، دىلىڭ بىلەن،
ياتقاچقىمۇ بىر قورساقتا سىڭىڭ بىلەن.
يېتىملىق، موھتاجلىقتا بىللە ئۆستۇق،
زامانلار زەھرىنى بىللە يۇتتۇق.
بار ئىكەن شۇ ئانىمىز بەختىمىزگە،
يەتكۈزدى گۈل يىگىتلىك پەيتىمىزگە.
دۇمبىمىز كۆرەر دېسەك ئەمدى ئاپتاپ،
كۈن نۇرىن توستى بولۇت كۆكنى قاپساپ.

شۇ بىلەن گۈل يۇرتىمىز بولدى ۋەيران،
بىز ئۈچۈن تۇغقان ۋەتەن بولدى زىندان.
مەن ئۇچتۇم ئۈششۈك تەككەن ياپراق بولۇپ،
يۇردۇمەن داۋانچىڭدا غەمگە تولۇپ.
كېلەتتىڭ باھار يىلى ـ قەلبىڭ سىڭىڭ،
داۋانچىڭ يوللىرىدا قالدى ئىزىڭ...
كۆرسەممۇ شۇم پەلەكتىن قايغۇ ـ جاپا،
شۇ سىڭىڭ مېھرىڭ بىلەن تاپتىم شىپا.
بۇ دۇنيا شۇنچە كەڭكەن، قۇچىغى تار،
توق تۇرمۇش ناكەسلەرگە بولاركەن يار.
ئەل دېگەن، ۋەتەن دېگەن چىكەر ھەسرەت،
ئۈزۈگى — قان، ياش بىلەن ئەلەم، نەپرەت.
ھاياتلىق — ئۈزۈن مەنزىل، تۇپتۈز ئەمەس،

قارا دېۋە ئالۋاستى ئارام بەرمەس ئېلىمگە،
«ئارچىنبەل» نى ئېيىپ قاچقان قىلار ئاگا جاپانى.
سونار باتۇر قىلىچى، لېكىن بېلى ئىگىلمەس،
يەتمەي پۈككەن مۇراتقا باتۇر بولماس مەردانى.
ئەل قايغۇسى - غېمىمدۇر، ئەل شاتلىقى - قۇۋانچىم،
«ئارچىن» بىلەن ئەگكۈشتەر - شۇدۇر قەلبىم ئارمانى.
«ئارچىن» كەلسە قولۇمغا، ئەگكۈشتىرىم ئېلىمگە،
ئېسىل تونلار كىيىشسۇن يېتىم - يېسىر، دۇۋانى.
«يولۋاس ياناماس ئىزىدىن، يىگىت ئېيتقان سۆزىدىن.»
شۇم دېۋىنى يوقىتىپ، جەننەت قىلاي دۇنيانى.

1972 - يىل ياز، ئوبلاست تۈرمىسى - غۇلجا

## سۇمرۇغقا

سۇمرۇغ سېنىڭ ۋەتىنىڭ ـ بەختلەرنىڭ ماكانى،
سەنسەن بەختۇ ـ ئامەتنىڭ ئۇلۇغ شاھى ـ خاقانى.
شۇ كەمىنەڭ ـ رەۋشەنخان كەلگەن چەمبىل ئېلىدىن،
مەلۇم بولغاي بىر ساڭا سۆزلىرىنىڭ بايانى.
يوللار باستىم، مول باستىم مېنى ئېلىم يوللىدى،
ئىككى ئاتلاپ ئۆتتۇمەن سىير، ئامۇدەك دەريانى.
ئېلىم ئىشقى يۈرەكتە جاپا تېغىن مات قىلدىم،
داڭگال سىمان بىلىندى سەكسەنبەلنىڭ داۋانى.
ھەمرىيىم بار قىلىچىم، ئاقبوز ئېتىم ئاستىمدا،
بېشىمدا بار دۇبۇلغام، ئالدىم ئۈمىد، ئوقيانى.
ھەمرا تۇتماس چىن باتۇر بايلىق، بىغەم ھاياتنى،
شۇڭا ئېلى خار بولماس كۆرمەس ھېچبىر ۋەيرانى.
ئەل ئىشقىغا ئاشىقمەن، ئەل نەپرىتى ـ قۇرالىم،
يېگەي ئاشۇ ھىيلىگەر قارا دېۋە ھەييانى.
بەل ئېلىشتىم تۇنجى رەت باستىم ھەيۋەت يولۋاسنى،
بېلىمدا بار تاسمىسى ئۇندىن قالغان نىشانى.
ئىككىنچى رەت يولۇمنى توستى قىرىق قاراقچى،
«توۋا» قىلدى «قارا چاچ» قايرىپ قويۇپ ئىزانى.
ئۈچىنچى رەت بالىلىرىڭ زارلىغاندا ئاپەتتىن،
ئەژدىھارنى يوق قىلدىم، كەلمەي قويدى زوۋانى.
ياخشىلىققا ـ ياخشىلىق كەلسە ئەگەر قولۇڭدىن،
مېنى يەتكۈز كويىقاپقا شۇدۇر دىلىمنىڭ پەيمانى.

## ئۇرمىدە جۇش كۆرۈپ

چۈشۈمدە سەن قارا كېچىلەر،
ئانا ئوغلۇڭ ئۇنتۇپ قالارمۇ؟

كۈن پىكرىمدە، تۈنلەر زىكرىمدە،
خىيال قۇشۇم سېنى تاپارمۇ؟

ئۆتەر يىللار - باغرىتاش يىللار،
تار قەپەزدە ئوغلۇڭ ياتارمۇ؟

كاڭ پەلەكتىن شۇ بەختى قارا،
مەندەك شورلۇق جاھاندا بارمۇ؟

يىراقتا سەن مېھرىڭ يۈرەكتە،
بىزگە ھىجران ئەبەتكە يارمۇ؟

چۈشۈمدە سەن، چېھرەڭ نامايەن...
ساپ باغرىڭغا باغرىم قانارمۇ؟

ئاقار يېشىڭ، ئاقار ياشلىرىم...
دەريا بولۇپ لەۋدىن تاشارمۇ؟

ئاققان قان، ياش ياۋۇز زالىمنى،

## نە ئۈچۈن؟

نە ئۈچۈن تەگرىم مېنى ياراتتىڭكىن،
خار قىلىپ دۈشمىنىڭگە قاراتتىڭكىن؟!

1973 - يىل يانۋار، گۆكتېتىك تۈرمىسى

# گۈلخانلار تۈرمىسى
## يېڭى يىل تىلەكلىرى

1

ئەلۋىدا ساڭا ئەمدى شۇ يىللارنىڭ قاراسى كەت،
باشلارغا ئەلەم سالغان جاھالەتنىڭ بالاسى كەت.

ئەسىرلەر ئۆتتى غەپلەتتە ئىلىم ھېچ كۆرمىدى خوۋلۇق،
ۋاپاغا جاپا قىلغان قارا يۈزنىڭ جاپاسى كەت.

قېنى ئۇ يەر، مۈلك، ئەشيا، قېنى ئۇ بىزدىكى ئىمكان،
ئىلىمنىڭ قان تېرى ئاقتى بالاخورنىڭ جازاسى كەت.

يالتىراپ يۇلتۇز يانار شۇ تەڭرى ئۈستىدە چاقناپ،
ئورمان ياقتى گۈلخانلار قاراتۇننىڭ خۇداسى كەت.

2

يېڭى يىل جان تەسەددۇق كۆرەيلى تاڭ ساباسىنى،
كۆكسىمىز ئېچىپ قانسۇن ئۇنىڭ زۇمرەت ھاۋاسىنى.

باش ئەگمەس تەڭرى پەرزەنتى ئەرك دەپ ئاتلىدۇق ئالغا،
قەھرىمىز ئىلىپ كەلسۇن بوران، چاقماق ساداسىنى.

كەلگۈن بولۇپ بىر كۈن باسارمۇ؟

ئىلىم كۆتكەن، ئەسىرلەر كۆتكەن،
ھۆرلۈك تېڭى بىزگە ئاتارمۇ؟!

1975 - يىل 18 - فېۋرال تاڭ سەھەر، ئۈرۈمچى

## قانداق قىلاي بەختىم قارا

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
يۈرگەن يېرىم خاڭلار ئارا،
يۈتتا كىشەن، قولدا كويزا،
ئۆزەم قۇلمەن، قەلبىم يارا.

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
قونا يەيمەن، ئۈيقۇم چالا،
نېمە يۈتمەس، قانداق گۇناھ،
نە كۈنلەرگە قالدىم خۇدا؟!

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
قالدى يىغلاپ خوتۇن، بالا،
كۆزىن يۇمدى زارلاپ ئانا،
يوللىرىمغا قارا ـ قارا...

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
ئېلىم ۋەيران، باستى قازا،
خىتاي زالىم كۆرەڭلەيدۇ،
تۆت ئەتراپىم ماتەمسرا...

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
بولدى ماكان دەشتۇ دالا،

«ئەرك، ھۆرلۇك بباھادۇر، جىمى دەرت ئاشۇ قۇللۇقتا»،
جەڭلەردە دېگەن ئەجداد ئۇقايلى بىز مۇراسىنى.

يوقالسۇن قارا ئىبلىس ۋەتەن پاكلانغاي ئاپەتتىن،
ياشارسۇن قايتا دەشت ـ چۆللەر ئېلىم كىيسۇن لىباسىنى.

يېڭى يىل ئىجىل بولغىن، مەزلۇم ئەل بەختىگە مەڭگۈ،
يازايلى بىز سەھىپەڭگە سائادەتنىڭ ناۋاسىنى.

1977 ـ يىل 27 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى گۈڭگەنتىڭ تۈرمىسى

## دوستلۇق گۈلى
(يولداش ئا. ھەسەنگە)

دوستلۇقنىڭ غۇنچىسى ئېچىلدى،
قان ئاققان شۇ زىنداندا ئېچىدە.
قار، بوران، جۇدۇندا تىك تۇرار،
باش ئەگمەي زۇلمەتلىك كېچىدە...

گۈل ئەمەس ئۇ - ھۆرلۈك بەلگىسى،
پەرۋىش قىل پورەكلەپ ئېچىلسۇن.
گۈل ئەمەس ئۇ - باھار ئەلچىسى،
كەڭ تارىم بويىغا چېچىلسۇن!

1979 - يىل 4 - سىنتەبىر، ئۇرۇمچى لۇساۋگو كۆمۈر كان

ياتقا جەننەت بۇ كەڭ ۋەتەن،
«جېنىم قەپەزدە قىينىلا...»
قانداق قىلاي بەختىم قارا،
دەرت- ئەلەمنى تارتتۇق تازا،
كېلىۋەرسە دەرتلەر باشقا،
مەرت يىگىتمۇ قانداق چىدا؟

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
بۇ سەپەردە خەلقىم ھەمرا،
غەم تاغلىرىن تالقان قىلدىم،
ۋەتەن ـ مىللەت بولغاچ يانا.

قانداق قىلاي بەختىم قارا،
زۇلمەت كۆكتە يۇلتۇز يانار،
كېچە ئۇزۇن، بولسۇن سىياھ،
تۇن كەينىدىن تاڭلار ئاتار!

1978 – يىل 4 – ماي، يېشىل جىلغا (لۇساۋگۇ)

قولۇڭغا كۆچ - غەيرەت تولسۇن...

شۇ ئاتەش كۆيدۈرەر، سۆيدۈرەر،
داداڭنىڭ، ئاپاڭنىڭ قەلبىنى.
قانلىرىم مەۋجىدە شوخ ئۈزەر،
ھەسرىتىم، ئارزۇيۇم يەلكىنى...

ھەسرىتىم - گۈل ياشلىق بوش ئۆتتى،
بولالماي ئېلىمگە سايىبان.
ئويلىسام يۈرىكىم قان يۇتتى،
مەن دەيتتىم ئۆزەمنى «ناتىۋان».

ئارزۇيۇم بىر ئوغۇل تۇغۇلدى،
دېدىمكى ئۆزەمگە ئىز باسار.
ئىسمىمۇ "شەپقەت" دەپ قويۇلدى،
ئېلىگە مېھرىبان يول ئاچار.

نەر ئارمان، شەپقىتىم ئۆس چاپسان!
يىگىتلىك پەيتىڭنى بىر كۆرسەم.
ئارمىنىم ھۆرلۈكتە تۇغۇلغان،
بەختلىك نەۋرەمنى بىر سۆيسەم!

1983 - يىل 15 - مارت، ئۈرۈمچى

# شەبنەم

## (ئوغلۇم شەپقەتنىڭ بىر ياشقا كىرگەنلىكىنى قۇتلاپ)

باشلىرىڭ دۇمۇلاق چىلگىدەك،
ئۆزەڭگە ئاق يۇزۇڭ ياراشقان.
كۆزلىرىڭ پاھ، ئەجەپ دىڭىدەك،
ئەقلىنىڭ بولىقى قاملاشقان.

شۇ كۆزلەر ئەقىللىق ھەم تەمكىن،
كۆلگەندە چولپاندەك يانىدۇ...
بەزىدە ئوي بىلەن ھەم غەمكىن،
ساڭمۇ شائىرلىق يارىمىدۇ؟

كىرپىكىڭ - بوتىنىڭ كىرپىكى،
تۇرىدۇ يا كەبى ئېگىلىپ.
قاشلىرىڭ قالغاچنىڭ قانىتى،
بەزىدە سەكرىشەر ئېتىلىپ...

ئۆز بۇرنۇڭ گوياكى پىستىدەك،
لەۋلىرىڭ، شۇ ئاغزىڭ بەك ئوماق.
چاچلىرىڭ كۆز يېغىن يىگىدەك،
سەزگۈنىڭ كانىدۇر جۇپ قۇلاق.

گۈل بويۇڭ سەرۋىنىڭ تىمسالى،
قامىتىڭ چىناردەك بولىدۇ...
كەڭ گەۋدەڭ پەرھاتنىڭ مىسالى،

# چەتئەللەردە
(1985 - 2004 - يىللار)

# تاك چىغى

كائىنات ئۇيقۇن ئاچار، قوينى ناھاردۇر تاڭ چىغى،
شۇنچە ئۇز ھۆسنى بىلەن مىسلى باھاردۇر تاڭ چىغى.

تونى قوغلاپ، كۇنمۇ چىقتى، قىرمىزى رومال ئوراپ،
تەلمۇرۇپ مەشۇقنى كۈتكەن گوياكى ياردۇر تاڭ چىغى.

قىر - ئېتىزلار، باغ - ۋارانلار ياپ - يېشىل لىباس كىيىپ،
كۇن نۇرىغا ئاچتى باغرىن، ئىنتىزاردۇر تاڭ چىغى.

ئەنە سەبدە، مانا لالە، يەنە رەيھان شاد كۇلەر،
گۇلچىمەن باغ، كوچا - كويلار تولغان ئىپاردۇر تاڭ چىغى.

ۋاھ، ئەجەپ تاڭ سەيلىسى، ئالەم شۇ چاغ شوخ بەزمىدە،
سايرىشار باغلار ئارا قۇشلار خۇماردۇر تاڭ چىغى.

تاڭ پەرىسى كۆيگە چىللاپ: «تۇر نىجادى، ئال قەلەم،
دەيدۇ - تاڭنى كۆيلىمەي يېتىش، گۇناھتۇر تاڭ چىغى.»

1985 - يىل 4 - ئاپرىل، ئادېلايدې - ئاۋستىرالىيە

## بوغدىغا[1] مۇھەببەت

بوغدا، يىراقلاردىن سېنى كۆرىمەن،
بوغدا، چىن دىلىمدىن ساڭا كۆيىمەن،
ئىمان ئېيتقىنىمدا نامىڭ قوشۇلسۇن،
سېنى دەپ تۇغۇلدۇم،
سەنچۇن ئۆلىمەن!

1987 - يىل ياز، ئادېلايدې - ئاۋستىرالىيە

[1] بوغدا ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدە، تەڭرى تېغىنىڭ چوققىلىرىدىن بىرى.

## ئۆرۈك يىگەندە.....

ئادېلايدېنىڭ خىلۋەت باغچىسىدا تاڭ سەھەر،
ئۆرۈك يېدىم تاللاپ تۇرۇپ شۇ سەرخىلىنى.
پىسەنت بولمىدى كۆڭلۈمگە شۇ قەدەر،
ئەسلەپ كەتتىم، ئەرىپ ئانا يۇرتنىڭ خۇۋەينىسىنى[1].

1985 - يىل 15 - دېكابىر، ئادېلايدې - ئاۋسترالىيە

[1] ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى — مېۋىسى يۇملاق، پوستى قېلىن، رەڭگى يېشىلسىمان ساغۇچ، ئاپتاپ تەككەن تەرىپى قىزىرىدۇ؛ تەمى تاتلىق، سۈيى كەمرەك، شىرنىلىك، خۇشبۇي بولىدۇ.

ئارزۇيۇم: قەۋرەمگە ۋەتەن بەرسۇن جاي،
دەيمەنۇ بۇ بىراق تەقدىرنىڭ ئىشى.
ئەۋلادىم، تەڭ كۆمگىن، چەتلەردە قالسام،
شۇ تۇپراق جىسمىمنى قۇچاقلاپ ياتسۇن...
ۋەتەننىڭ گادىيى - غېرىپ روھلىقىم،
ھەر سەھەر ۋەتەننى ئىزدىسۇن، تاپسۇن.

1987 - يىل 20 - دېكابىر، ئادېلايدې - ئاۋستىرالىيە

## بىر سىقىم تۇپراق

كېتەردە خوش ئېيتىپ ئانام بېشىدىن،
يوللۇق دەپ بىر سىقىم تۇپراقنى ئالدىم.
ئايرىلغان چېغىمدا ئانا تۇپراقتىن،
كۆز ئۆزمەي ئارقامغا قاراپلا قالدىم....

خوش ئانا ۋەتىنىم - سۆيگەن دىيارىم،
ئويلىسام، ۋەتىنىم نەلەردە قالدى؟
مەن ئۆزەم يىراقتا، يىراقتا رەھىم،
ئۆز ۋەتەن مېھرىدە ئەسىر بوپ قالدى.

باشلارغا قادالغان شۇ قارا قىسمەت،
بىزلەرنى ۋەتەندىن ئەيلىدى جۇدا.
مىللىتىم ئاھىدىن ئالەمچە نەپرەت،
باسقۇسى سېنى، ئەي «بېجىڭلىك خۇدا».

شۇ ھىجران تاغلىرى باسسا يۈرەكنى،
كۆزۈمگە سۈرتىمەن تۇپراقنى ئېلىپ.
ئىلى گۈلزارلىرىدىن تېزىپ چېچەكنى،
ھەم تارىم چۆلىدىن كېلىمەن كېزىپ.

ھاياتلىق ھېمىشەم تەسادىپقا باي...
نەلەردە ئۆلۈشنى بىلمەيدۇ كىشى.

ئاسمان تىنىق، هاۋاسى -
يۇرەكلەرنىڭ داۋاسى،
ياڭرار ناخشا ناۋاسى،
سۆيەر كۆلنىڭ يۈزىنى.

تۇندە بۇندىن ئاي كەتمەس،
يۇلتۇزلىرى قول يەتمەس،
كۈندۈز قۇياش تەرك ئەتمەس،
چېچىپ ئەلۋەك نۇرىنى.

ئىلانىسمان يوللاردا،
يۇرەر پىكاپ غوللاردا،
شۇ ئىجاتكار قوللاردا،
كۆردۈم بەخت يولىنى.

باراۋەتتە مىڭلاپ ئەل،
ئەركىن ئېيتار خۇش غەزەل،
بەختى تولۇپ ئاقار سەل،
ئېيتىپ كۆكۆل سۆزىنى.

بونگە كېلەر سەيياھلار،
جاھان كەزگەن پەرھاتلار،
بۇندا مەغرۇر ئەۋلادلار،
كۆيلەر خۇشال كۈيىنى.

كۆلگە قاراپ ئولتۇرۇپ،

## كۆل بويىدا

ئەتراپلىرى ئېدىرلىق،
بۇك باراقسان يېشىللىق،
كۆردۇم بۇگۈن زەپ ئىللىق،
مائۇنت گامبىيە كۆلىنى.

ۋەلى كۆلى دەيدىكەن،
ئەتراپلىرى سەيلىكەن،
جانغا راھەت پەيزىكەن،
ئىچىپ قاندىم سۈيىنى.

تۆت ئەتراپى ئوتلاق، ساز...
ئۇچار مىڭلاپ ئۆردەك - غاز،
كۆكلەم ئىكەن قىش ھەم ياز،
كىيگەن گۈزەل تونىنى.

بۇندا قارىغاي، تال، ئارچا،
شاپتۇل، ئۆرۈك ۋە ئالما،
بۆلدۈرگەنۇ، ئەينۇلا...
باسقان ئۇنىڭ ھەم سولىنى.

ئۇچار قۇشلار ئاسماندا،
پەرۋاز قىلار ھەر ئاندا،
بۇغا، مارال ھەر ياندا،
تۆكمەس ھەسرەت - مۇڭىنى.

## ئۆزبېكىستانغا سالام

«ئۆزبېكىستان مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.»

— گېزىت خەۋىرى

ئۆزبېكىستان - ھۆرىستان ئەجدادلارنىڭ ماكانى،
سالام ساڭا يىراقتىن ئەرك كۈنۈڭ مۇبارەك!
ئاۋازىڭنى ئاڭلىدىم تاشتى قەلبىم ئارمانى،
كەڭ ئالەمگە ياڭرىغان جەسۇر ئۈنۈڭ مۇبارەك!

مەن شادلانماي نېمىشكە، قېرىنداشىمىز - بىر تۇغقان،
مەرت بوۋىلار تەڭ ئىچكەن بىر دەريانىڭ سۈيىنى.
مېنىڭ، سېنىڭ دېيىشمەي بىر داستىقاندا جەم بولغان،
ئۆتكەن قارا ئەسىرلەر كۈيلەپ ھەسرەت كۈيىنى.

تىلىمىز بىر، دىلىمىز - يېرىمىزدەك بىر تۇتاش،
ئۆتكەن يۈزلەپ ئەسىرلەر تارىخىمىز گۇۋاھى.
ئەفراسىياپ، ئوغۇزنىڭ نەسلى بىزلەر - قېرىنداش،
ياڭرار بۈگۈن قۇلاقتا ئۇلار بەرگەن دۇئاسى.

تۇغۇلسامۇ تارىمدا ئىللىق كۆردۈم قوينۇڭنى،
ئاشىيان قىلدىم باغرىڭنى، كۆلۈپ ئۆتكەن تۆت باھار.[1]
ئۆز ئانامدەك مېھرىبان قارشى ئالدىڭ ئوغلۇڭنى،

---

[1] شائىر 1957 - يىلدىن 1961 - يىللارغىچە تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

بىر «ئۇھ!» تارتتىم تولغىنىپ،
ئەسكە ئالدىم ئۆيلىنىپ،
ماكانىم شۇ بوغدىنى.

كۆز ئالدىمدا يۈز ئاچتى،
بوغدا غەمدە بىر باقتى،
قەلبىمگە ئوتلار ياقتى...
كۆردۇم بوغدا بويىنى.

ئەلگە شاتلىق يات بولۇپ،
قاغا - قۇزغۇن تاپ بولۇپ،
ئۇچار بۇندا شاد بولۇپ،
خازان قىلىپ ھۆسنىنى.

يۈرىكىمدە جىق پىغان،
ھەسرەتلىرىم - ياش ۋە قان،
كۆرسەم بىر كۈن نە ئارمان؟
ئازادە بوغداي تويىنى.

1990 - يىل 21 - يانۋار، مائۇنت گامبىيە - ئاۋستىرالىيە

## ئۇيغۇر قىزىغا

ئۇيغۇر قىزى كۆزلىرىڭدىن ئاقمىسۇن ياش،
باتۇر يىگىت ئۆلۈمگە ھېچ ئەگمىدى باش،
تۇنمۇ پاتار ئىرادەڭدە بولسا بەرداش،
بالقىپ چىقار تەگرى ئۆزرە بىر كۈن قۇياش.

1992 - يىل 16 - نويابىر، ئادېلايدې ئاۋستىرالىيە

هازىرغىچە قەلبىمدە شۇ سۆيگۈگىنىڭ ئوتى بار...

ئىسسىق ئۆتتى ئوتتۇز يىل كۈتۈش بىلەن بىتاقەت،
سۈرگۈن، خارلار، زىندانلار بولدى مېنىڭ ماكانىم.
ئانا سۆيگەن يۇرەكتە ئەقىدەڭ بار ھەر سائەت،
كەڭ ئوكيانلار ئارقىدا بولغاندىمۇ جاھانىم....

يىراقلاردىن قارايمەن بەخت تىلەپ دىيارىم،
ئۇندا قالغان قەرداشلار، ئۇندا قەلبىم پارىسى.
دىيارىمسەن ئېلىمگە تۇتاش، سەنسەن خۇمارىم،
بۇ سۆيگىنى توسالماس كەڭ ئوكيانلار ئارىسى!

يا ئىنىمسەن ـ يا ئاغام، مەن بارارمەن قوينۇڭغا،
قېرىندىشىم ئۆيىگە بارغان كەبى شادىمان.
بەخت قونسۇن بېشىڭغا، مۇبارەكباد تويۇڭغا،
كامال تاپقىن دىيارىم ـ ئۆزبېكىستان جانجان!

1991 ـ يىل 1 ـ سىنتەبىر، ئادېلايدى ـ ئاۋستىرالىيە.

ياۋغا قارشى بار، ئاتلان،
ۋەتەن ئۈچۈن پىدا جان،
لەپىلدەيدۇ تۇغىمىز ـ
ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق.
ئاڭا دىلدىن بىز ئامراق.

بىزمۇ ئىنسان ئوغلىمىز،
ئازاد بولسۇن يۇرتىمىز،
ئاڭا يېتەر قوربىمىز،
لەپىلدەيدۇ تۇغىمىز ـ
ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق،
ئاڭا دىلدىن بىز ئامراق.

1992 - 21 - نويابىر، ئادېلايدې - ئاۋستراليە

## ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق

كۆپكۆك ئاسمان رەڭگىدە،
ھېچ ئۆزگەرمەس مەڭگۈگە،
بارچە تۈرك قەلبىدە،
لەپىلدەيدۇ تۇغىمىز -
ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق،
ئاڭا دىلدىن بىز ئامراق.

بوۋام ئوغۇز شانى بار،
شۇ بايراقتا نامى بار،
مىليون شەھىد قانى بار،
لەپىلدەيدۇ تۇغىمىز -
ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق،
ئاڭا دىلدىن بىز ئامراق.

نامى شەرقىي تۈركىستان،
ئەجدادىمىز ياشىغان،
بىزگە مەنسۇپ بۇ ماكان،
لەپىلدەيدۇ تۇغىمىز -
ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق،
ئاڭا دىلدىن بىز ئامراق.

ئۇيغۇر ئوغلى، ئەي ئارسلان،

باق ئەمدى تەڭرى باغرىدىن ئەرك ساداسى ئاڭلاندى.

ئىنشائاللاھ، بۇ ئۇچقۇنلار ئۇلۇغ يانغىنغان يول ئاچقاي،
تەڭرى تاغلىرى بويلاپ، كۈرەش باھارى باشلاندى...

1996 - يىل 11 - ئىيۇل، ئادېلايد ي - ئاۋستراليە

# ئۇلۇغ باشلىنىش

ۋەتەنىنىڭ زارىنى ئاڭلاپ يۈرەكلەردە قىسلىش ياندى،
ئېلىڭدە قۇل بولۇپ ياشاپ، ھاياتنىڭ نە لەززەت قالدى؟

ئەجەپ مەرتكەن تەگرى پەررەنتى خىتاي زالىمغا ئوت ئاچقان،
ئېلىمنىڭ قەست دۈشمىنى قاتىل، بىيجىڭنى لەرزىگە سالدى.

ئەيۋەھەنلىس، بۇ باسقۇنچى نە ئەلەملەر سالمىدى باشقا،
ئۇنىڭ قىلغان زۇلمى دەستىدىن يۈرەك باغرىمىز داغلاندى.

ياشا ئوغلان جاسارىتىڭ بۇ دۇنياغا داڭ كەتتى،
تۆكۆلگەن شۇ قىزىل قاندىن نومۇس ـ ئارىمىز ئاقلاندى.

قىسلىس ئۆلمەس، ئەنە تارىم، جۇڭغاردا يانار ئوچقۇنلار...
قىران بۈركۈتلەر ئىزىدىن يلش بالا پانلار قاناتلاندى.

نە ئىمان ۋە نە ۋىجداندۇر ئۆز ئېلىنىڭ زارىنى بىلمەس،
نە پەرقى ئىنسانۇ ھايۋاننىڭ سىناق مەيدانى تاللاندى.

يا بايلىق قالارمۇ سەندىن، يا مەنسەپ يا ئاتاق ـ ئابرۇي،
«ۋەتەن ئەلا، مىللەت ئەلا» دېگەنلەر سەپكە ئاتلاندى.

ۋەتەنىنىڭ ئىشقىدا ياناغاچ زالىم توغنى كۆل قىلدۇق...

# چەتئەللەردە

چەتئەللەردە بولدۇم مۇساپىر،
تېشىم كۆلدى ئىچىم يىغلىدى...
خەلقىم بىلەن بولدى دەردىم بىر،
شۇ دۇمبەمدە خىتاي قامچىسى،
يۈرىكىمنى ھەسرەت تىغلىدى...

1997 - يىل 25 - مارت، ئادېلايدې - ئاۋستىرالىيە

# جەھەننەم تۇغلىرى يانسۇن

1996 - يىلى 29 - ئىيۇن جەنۇبىي ئاۋستىرالىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندا 65 مىڭ كىشىلىك قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇۋاتقانلىقى ھەم لوپنۇردا 44 - قېتىملىق ئاتوم سىناقلىرىنى ئۆتكۈزگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاۋستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ تەرتىپلىشىدە 400 كىشىلىك چوڭ كۆلەمدە نامايىش ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئەنە شۇ ھەيۋەتلىك نامايىشتا خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قانلىق زۇلمىنىڭ سىمۋولى بولمىش ئىككى قانخور بايرىقى كۆيدۈرۈلۈپ كۈلى كۆككە سورۇلدى... خەلقىمىزنىڭ ئاچچىق غەزەپ ئوتىدا كۆيۈۋاتقان جەھەننەم بايراقلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئاجايىپ بىر خىل مۇرەككەپ تۇيغۇ - ھېسسىياتلار تەسلىم قىلىپ، قەلبىمنى ئارامخۇدا قويمىدى... بۇ تۇيغۇلار بۈگۈن ئاق قەغەزگە چۈشتى. بۇنى ۋەتەنداشلىرىم بىلەن ئورتاقلىشىمەن.

ۋەتەندىلىش، قويغىن ئوتنى، رەھىم قىلما، جەھەننەم تۇغلىرى يانسۇن،
شۇ بېيجىڭلىق يىغى دۈشمەننىڭ كۆيۈپ تەختلىرى كۈلگە ئايلانسۇن،
جاھالەت بولۇتلىرىنى ھەيدەيلى جاسارەتنە تەگرى باشىدىن،
ئەسىرلەردىن زۇلۇم چەككەن ئېلىمنىڭ ھۆسنى كۈلسۇن،
بەختى پارلانسۇن!

1996 - 12 - ئىيۇل، ئادېلايدې - ئاۋستىرالىيە

# شەبنەم
(ئوغلۇمنىڭ 17 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەپ)

ئونيەتتىگە كىرگەن يىگىتىنىڭ،
ئوقۇش – ئىشتا ئۆتەر كۈنلىرى.
ئىنسان بەختىن ئوقۇشتىن تاپار،
بەخت بىلەن ياگرار ئۆنلىرى.

يىراقتىمەن، ھېس، يادىمدىسەن،
بەختىڭنى دەپ قولۇم دۇئادا،
تىلىگىمدە ھەم جانىمداسەن،
ئەل دەردىنى ئىپتسام خۇداغا...

تىلەك، ئەجىر قوشىگىزەك – تۇغقان،
ئۈمىد بىلەن ئىنسان كۆكىرەر.
ھېچ ئەجىرسىز نەدە بەخت بولغان؟
ئەجىر ئەرنى كۆككە كۆتۈرەر.

1999 – يىل 25 – فېۋرال، لىۋېرپۇل – سېدنېي

# تەشۋىش

بۇ دۇنيا پانىيدۇر - بۇ دۇنيا ئۆتەر،
بىلىمەن بىرزىنمۇ بۇ تۇپراق كۆمەر.

توختىماي يىل ئۆتەر، ئەسىرلەرمۇ ھەم،
قىز كەبى ياسىنىپ باھارلار كېلەر...

باھارنى سۆيگەندۇق مەجنۇن مىسالى،
كۆيدۇرۇپ - سۆيدۇرۇپ كۆكلەممۇ كېتەر.

باھارنىڭ كەينىدىن كېلەر يېشىل ياز،
ھە ئۇنىڭ گۈل ھۆسنى زەپ مەپتۇن ئېتەر.

كۈز كېلەر تۆگمەس نېمىتى بىلەن،
باغلارغا، تاغلارغا ئالتۇن زەر سېپەر.

ئالتۇن كۈز كەينىدىن كېلەر قىش تېزدىن،
ئۇمۇ ئۆز يولىدا شاتلىق بەخش ئېتەر.

زامانلار ئۆتىدۇ، پەلەك چەرخ ئېتىپ،
سەرىمەس خۇيى شۇ - نە تەشۋىش چېكەر.

ئۆلۈممۇ چاغلىققۇ، قىينار بىر تەشۋىش،
شۇ مەزلۇم ۋەتەننىڭ ھالى نە كېچەر؟

1998 - يىل ئاۋغۇست، ئىستانبۇل - تۈركىيە

## ئۈجقۈن

«ئۈچقۈندىن يانغىن چىقىدۇ»

— ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى

(«ئۈچقۈن» گېزىتىگە بېغىشلايمەن)

سەل چاغلىما، يانغان ئۈچقۈننى،

«ئۈچقۈنلاردىن يانغىن چىقىدۇ.»

شۇ ئۈچقۈنلار جەم بولسا بىردىن،

شۇم زۇلمەتنى گۆرگە تىقىدۇ.

سەل چاغلىما، شۇ يانغان ئۈچقۈن

كۈل قىلىدۇ بېيجىن تەختىنى.

شۇ ئۈچقۈنلار ئەۋجىدە كۆردۇم،

ئاق بوغدا[1] نىڭ نۇرلۇق بەختىنى.

1999 – يىل 3 – ئاپرىل، لىۋېرپۇل – سىدنېي

---

[1] بوغدا – ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى بوغدا چوققىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

## زەكىيگ
(زەكىي 14 ياشقا توشتى)

زەكىي دېمەك ـ ئەقىللىق دېمەك،
ئوغلۇم سەنمۇ زەكىي بوپ يېتىل.
ئەقىل ئۇلۇق ئەل مېھرى بىلەن،
ئۇنداق ئەقىل ھەممىدىن ئېسىل.

ئاقىل ئىنسان ئەلنى دەپ ياشار،
يارىشارمۇ پاسىقلىق ئەرگە؟
ئەل- يۇرتىغا نېپى تەگمىگەن،
زەكىيلىكنىڭ قىممىتى نەدە؟!

1999 – يىل 18 – مارت، لىۋېر پۇل – سىدنېي

«ئەلۋىدا!» دەپ قالدىم ئاخىر بەك ئۇزاق بولغاچ يولۇم!

ھەي كەچۈر، باغرىم مېنى، دەردىڭگە دەرمان بولمىدىم،
شۇم پەلەك دەردىدە مەن ئۆمرۈمدە خەندان بولمىدىم.

2001 - يىل ئاۋغۇست، لىۋېرپۇل - سىدنېي

## مەرسىيە

(دىلبەرىم سامساقوۋاغا[1] بېغىشلايمەن)

ھەي ئىست، ئۆمرۈڭ بېغىغا تاشلىدى زۇلمەت غازاڭ،
شۇم رەقىبلەر رەھىم قىلماي، گۈللىرىڭ قىلدى خازاڭ.

سەن ئىدىڭ خەلقىڭگە پاسىۋان، ھەر ئىشىڭ زاھىر ئىدى،
سەن ۋەتەن زۆھراسى ئىدىڭ، خەلقىڭ ساڭا تاھىر ئىدى.

ئۆتتى ئۆمرۈڭ ئەل غېمىدا ھەممىگە خالىس ئىدىڭ،
ئاشۇ نازۇك روھىغا جان تىكىپ ۋارىس ئىدىڭ.

ئەمگىكىڭنى كۆردى خەلقىڭ، ھۆرمىتىڭگە ئاپىرىن،
«بارىكاللاھ» دېدى خەلقىم، غەيرىتىڭگە ئاپىرىن!

«ئەي پەلەك ـ زالىم پەلەك ئۇيغۇر ئۈچۈن كۈن بارمۇ؟
ـ سەن دېدىڭ ـ مەزلۇم ئېلىمگە بىر كۈنى تاڭ يارمىدۇ؟!»

تاۋۇتۇڭغا تەگمىدى شۇنچە ئۇزاتسامۇ قولۇم،

---

[1] دىلبەرىم سامساقوۋا ـــ قازاقىستاندىكى جۇمھۇرىيەتلىك "نازۇگۇم" فوندىسىنىڭ رەئىسى، شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) 2 - قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمى كومىتېت ھەيئەت ئەزاسى 2001 - يىلى، ئىيۇن ئېيىدا ئالمائاتادا نامەلۇم قاتىللار تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان.

يېرىم ئەسىر ئۆتكىلى ـ داۋانلارنى مات قىلغان.
بۇ قامۇستا بىر مەسلەك ـ ئەلنىڭ دەردى، نامۇسى،
دۈشمەن يىغلاپ، دوست كۈلۈپ، ھە بىزنىمۇ شاد قىلغان.

ئوكيان ئاتلاپ ئىپ كەلدىم ئۆتكەن ياشلىق تېگىنى،
شۇ ئۆمرىمىز بىغىدا قايتا كۈلسۇن نەۋ باھار.
سېنىڭ كۆيۈك ـ سادايىڭ ئەل ئارزۇسى ـ ئارمىنى،
قېرىمايدۇ ئەبەتكە ئىپلى سۆيگەن ئىجاتكار.

2003 ـ يىل 6 ـ ئۆكتەبىر، ئالمۇتا ـ قازاقىستان

## دولقۇنغا

(شائىر تەۋەللۇدىنىڭ 65 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

ئىسمىدا بار تېخىچە گۈزەل بوغدا بويىدا،
سىنىپداش بوپ ياشلىقتا ئۆتتى ئەجەپ بىر زامان.
ۋەتەن دەردى، ئەل مېھرى ھەر بىرىمىز ئويىدا،
لېكىن تەقدىر ئايرىدى، كەتتۇق بىزلەر ھەر تامان.

ئۇتقا كىرسەك تەڭ كىردۇق، قالدۇق سادىق دائىمان،
گۈزەل ئەنھار بويىدا بەرگەن ئوتلۇق قەسەمگە.
دەشت - چۆللەرگە پالاندۇق، ئەرشكە يەتتى ئاھ - پىغان،
ھېچ ئۈمىدسىز بولمىدۇق باسسا تاغدەك ئەلەملەر....

بەختىڭ ئۆككەن، تاغ ئاتلاپ، يانا ئالدىڭ قەلەمنى،
قەلىمىڭدە كۆيلىدىڭ ئەل دەردىنى - غېمىنى.
داڭقىڭ كەتتى ئالەمگە، ئىجادىڭدىن ئەل رازى،
«ئاپىرىن!» دەپ قۇتلايدۇ سەندەك مەردان ئوغلىنى.

يانا بۈگۈن كۆرۈشتۇق ئالاتاۋنىڭ باغرىدا...
ئاتمىش بەشلىك تويۇڭغا نەسىپ بولدى بۇ پۇرسەت.
ئىجادىڭدىن گۈل تىزدىم يۇرت - جامائەت ئالدىدا،
تۇتتۇم دوستۇم سوغامنى، مەنىسى زور، قوبۇل ئەت!

بۇ سوغامدا مۇجەسسەم چىن دوستلۇقنىڭ قامۇسى،

## ئانا مېھرى

(كىچىككىنە ھېكمەت)
ئانام بىبى رابىيەگە[1] بېغىشلايمەن

بار ئىكەنۇ ـ يوق ئىكەن،
ئاچ ئىكەنۇ ـ توق ئىكەن.
بۇرۇن ئۆتكەن زاماندا،
تارىم دەريا تاماندا،
مەكىت دېگەن بىر ئەلدە،
دەريا بويى كەڭ يەردە،
ئۆسۈپتۇ زەپ بىر بالا،
ئەقلى ھوشى راست تازا،
كىچىك قالغان ئاتىدىن،
پېقىر ئىكەن زاتىدىن.
شۇ يېتىملىق كۈنلەردە،
قارا باسقان تۈنلەردە،
ئۇنىڭ مىسكىن ئانىسى ـ
سۆيگەن يۈرەك پارىسى،
ساقلاپ ئۇنى ئاچلىقتىن،
باشقا كەلگەن خارلىقتىن،

[1] بىبى رابىيە قاسىم قىزى ـ شائىرنىڭ ئانىسى (1904 ـ 1972) ئەسلى قەشقەردىن ئۆزى پىچاندا تۇغۇلغان، شائىر تۈرمىدىكى ۋاقىتتا ۋاپات قىلغان. شائىرنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋەرنى 1978 ـ يىلى ئاپرىلدا لۇساۋگو كۆمۈر خېنىغا چىققان ۋاقىتتىلا ئاڭلىغان. بۇ رىۋايەتنى ئانىسىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن شېئىرلاشتۇرۇپ چىققان.

## ۋەتەن ھەققىدە رۇبائىيلار

ئانامنىڭ مېھرىدىن ئايرىما مېنى،
ئاتامنىڭ پۇشتىدىن شاللىما مېنى،
ئەي تەڭرىم، ھەممىدىن قىلساڭمۇ مەھرۇم،
ۋەتىنىم ئىشقىدىن ئايرىما مېنى.

ياشىدىم سەن ئۈچۈن ۋەتەن - جان ئانا،
كۆپ ئازاب - قايغۇلار «يار بولدى» ماڭا،
«ۋەتەن» دەپ مەن كۆيەي ۋەيلۇن دوزاختا،
گەر تەڭرىم بەخش ئەتسە مىڭ ئۆمۈر يانا.

ۋەتىنىم ئىشقىدا يانغان بىر شاممەن،
جىسمىدا ئۇرغۇغان بىر تامچە قانمەن،
خىزمىتىم تېگىلمۇ، بىلمەيمەن لېكىن،
ۋەتەننىڭ گاداسى - بىر خەستە جانمەن.

ئەل - ۋەتەن ئىشقىدا بىر ئۆمۈر كۆيەي،
ۋاپاسىز دۇنيانىڭ دوزىخىدىن كۆرەي،
روھىمنى - جىسمىمنى ۋەتەندىن ئىزلە،
غېرىپ بوپ چەتلەردە مەيلى مەن ئۆلەي.

ھاياتلىق ھەم ئۆزۈن ھەم قىسقا ھامان،
ئاستىلاپ كەتمەكتە جىسمىمدىن دەرمان،
زارىقىپ، تەشنا بوپ ئۆمۈرلەر ئۆتتى،
ۋەتەننىڭ تېگىنى كۆرسەم نە ئارمان؟

2004 - يىل 22 - فېۋرال، لىۋېرپۇل - سىدنېي

يىللار ئۆتەر شاپاشلاپ...
ئانىسىمۇ قېرىپتۇ،
كەنجەم بۇنى بىلىپتۇ.
ئانا، ـ دەپتۇ كەنجاخۇن،
يۈرەك باغرى بولۇپ خۇن:
«ئانا چېچىڭ تالىسى،
ئەمدى يوق بىر قارىسى،
ياشلىقىڭنى يېزىڭنى،
بېرىپ ماڭا مېھرىڭنى،
قاتتىڭ مېنى قاتارغا،
مەن خېجىلمەن ئېيتارغا،
ئۆزگىلەردەك باي بولۇپ،
باغلار ئىچرە جاي قۇرۇپ،
كۆتەلمىدىم راھەتتە،
كۈنۈڭ ئۆتتى ھەسرەتتە.
مېنىڭ شورلۇق بۇ بېشىم،
ھالال ئەمگەك ـ بايلىقىم،
كېچە ـ كۈندۈز ئويۇمدا،
بىر نىيەت بار بويۇمدا.
ئارا بەرمەس ھەر مەھەل،
ساڭا يەتمەي شۇم ئەجەل،
بىر ئارمىنىڭ ئېيتساڭ سەن،
پەرمان بىلىپ ئۇنى مەن،
مەيلى تەندىن قان كەتسۇن،
مەيلى ئەزىز جان كەتسۇن،
ئادا قىلسام ئەھدىمدۇر،
ئېيت ئارمىنىڭ بەختىمدۇر.»

سايە بولۇپ بېشىغا،
ئېلىپ يۈرەك قېتىغا،
ئۆستۈرۈپتۇ پەپىلەپ،
ھەر ئاغزىدا كەنجەم دەپ.
چۈشەرمەسكەن ئاغزىدىن،
ئورۇن بېرىپ باغرىدىن.
بالا ئاستا ئۆسۈپتۇ،
يىگىتلىكىن كۆتۈپتۇ...
شورلىقى شۇ پېقىرلىق،
يالغۇز يېتىم - يېسىرلىق،
ئۇ بىر يالغۇز ياش سىدە،
ھەسرەت تولا قەلبىدە،
قىشتا بولسا جۇدۇنلار،
يازدا بولسا قۇزغۇنلار،
ئاشۇ يالغۇز سىدىنى،
يۈرەك باغرى زېدىنى،
يەكلەپ بوزەك قىلماسمۇ؟
يۈرەك باغرىن تىلماسمۇ؟
لېكىن پەلەك باقماسكەن،
كەمبەغەلگە ياقماسكەن،
ئانا مېھرى قەلبىدە،
يانغان چىراق ھەمىشە،
شۇ چىراقتىن نۇر ئېلىپ،
ئۆز كۆڭلىنى شاد قىلىپ،
يىگىت ئېلىپ تورىنى،
كۆزلەپ دەريا سۈيىنى،
كۈن ئۆتەركەن يانپاشلاپ،

شۇ ئۇلۇغۋار كەبىگە.
يەتتە قېتىم، بىر ئەمەس،
سەپەر قىپتۇ «غىلىڭ» دېمەس.
مەككىت - مەككە يولىدا،
ئۇنىڭ ھەر بىر غۇلىدا،
قاپتۇ تالاي چورىغى…
پۇتلىرىدا يورىغى…
ئۇشۇققىچە گۆش بوپتۇ،
قەددى قۇرۇق تۆش بوپتۇ.
شۇنداق كەنجەم «ئۇھ!» دېگەچ،
ئانا قەرزى شۇ دېگەچ،
ئانىسىغا ئۇ بىر كۈن،
ئانا، - دەپتۇ كەنجاخۇن:
«قەرزىڭ ئادا بولغاندۇر،
ئەمدى كۆڭلۈڭ تولغاندۇر،»
شۇندا ئانا خۇش بولۇپ،
سۆزلىرىدىن گۈل تۆكۈپ،
دەپتۇ قاراپ ئوغلىغا،
تويماي ئۇنىڭ بويىغا:
«ھەي بالامەي، قىززىقسەن،
دىلىڭ ئاپتاپ ئىللىقسەن،
جاپا چەكتىڭ - كۈپ چەكتىڭ،
چىشىڭ بىلەن تاغ كەستىڭ،
چەككەن سېنىڭ جاپايىڭ،
كۆرگەن سېنىڭ ئاۋازىڭ،
بۆشۈك تۇتۇپ يېنىمدا،
چىراق بولۇپ بېشىمدا،

شۇندا ئانا خۇش بولۇپ،
سۆزلىرىدىن گۈل تۆكۈپ،
دەپتۇ قاراپ ئوغلىغا،
تويماي ئۇنىڭ بويىغا:
«رەھمەت ئوغلۇم، سۆزۈڭگە،
بەخت ياردۇر ئۆمرۈڭگە،
ئىسست، قېرىپ قالغىنىم،
باردى بىرلا ئارمىنىم،
كۆرسەم دەتتىم مەككىنى -
شۇ ئۇلۇغۋار كەبىنى.
بىراق مەككە يىراقمىش،
بۇ بىزلەرگە يوق بىر ئىش،
بۇنىڭسىزمۇ رازىمەن،
قايغۇرمىغىن زادىسەن.»
كەنجەم ئاڭلاپ بۇ گەپنى،
ئۆتكۈزمەستىن شۇ پەيتنى،
«بولدى!» دىسە ئۇنىماي،
ئەھدىسىدىن ھېچ يانماي،
ئانىسىنى ھاپاشلاپ،
كەڭ باغرىدا باغاشلاپ،
ئاتلىنىپتۇ سەپەرگە،
باقماي خەۋپۇ - خەتەرگە.
ئۆتۈپ قانچە ئەللەردىن،
كېزىپ قانچە يەرلەردىن،
ئېگىز داۋان تاغ ئېشىپ،
چۆل جەزىرە يول بېسىپ،
يېتىدىكەن مەككىگە -

## ۋابادار قالغاچ
### (داستان)

بار ئىكەنۇ - يوق ئىكەن،
ئاچ ئىكەنۇ - توق ئىكەن،
بۇرۇن ئۆتكەن زاماندا،
تارىم دەريا تاماندا،
مەمەت دېگەن بىر پېقىر،
يۈرەك - باغرى قان، يېغىر،
دولان دېگەن قىشلاقتا،
دىلى غەملىك ئازابتا،
ياشايدىكەن غەم بىلەن،
كۆزى قان - ياش نەم بىلەن.
ئۆتكۈزەركەن تۈننى،
تۈنگە ئوخشاش كۈننى.
زالىم پەلەك باقماسكەن،
كەمبەغەلگە ياقماسكەن،
ئىشلىسىمۇ كۈنۇ تۈن،
بولماي زادى نان پۈتۈن،
ئۆتىدىكەن خارلىقتا،
بىر هايۋاندەك زارلىقتا.
مەمەت ئاشۇ پېقىرنىڭ -
يالغۇز يېتىم - يېسىرنىڭ،
ئەۋلادىكەن بەختسىز،
ماكلىيىدا قۇرۇق ئىز،
سۆزلەر ئۇنىڭ مۇڭىنى،
كۆرگەن هايات يولىنى.

ئاق سۈت بەرگەن بىر مەرتەم،
شۇ ئەجرىڭدىن ئارتۇق ھەم...
ئانا قەرزى بالىدا،
ساقىت بولماي بويىندا،
تا مەڭگۈگە قالىدۇ،
كىم بۇ سۆزدىن تانىدۇ؟
رەھمەت ئوغلۇم، بەخت تاپ،
بار ئەۋلادىڭ ئۆتسۇن شاد!»
قول كۆتۈرۈپ شۇ ئانا،
قىپتۇ ئۇلۇغ بىر دۇئا.
شۇندا كەنجەم ئويلىنىپ،
بۇ ھېكمەتتىن روھلىنىپ،
«دەر ھەقىقەت راست» دەپتۇ،
«ئۆمرۈم ساڭا خاس» دەپتۇ!

ئانا ـ بالا ئۆتكەنىكەن،
مۇرادىغا يەتكەنىكەن.
بۇ ئىش ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەن،
ئانا مېھرى ـ كۆن ئىكەن،
شۇ مېھردا كەڭ ئالەم،
ئۇچار قانات، بار ئادەم،
شۇ مېھرىدىن تولۇقتۇر،
شۇ مېھرىدىن ئۇلۇغدۇر.

1971 ـ يىل قىش، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

دەركەن مىسكىن مەمەتكە:
«چۆكمە ئارتۇق ھەسرەتكە،
بۇ كۆنلەرمۇ تېز كېتەر،
ساڭا شادلىق بىر كېلەر،
تۆن كەيىندىن تاڭ ئاتار،
بۇ قاراڭغۇ ھەم پاتار...
ئۆتنە ئالەم - بۇ ئالەم،
چەكمە ئارتۇق تەشۋىش - غەم.
ۋىچىر - ۋىچىر، بولغىن شاد،
زور بايلىققا تولغىن پات.»
ئاڭلاپ قالغاچ كۆيىنى،
شادلىق ئوراپ كۆڭلىنى،
ئۆتكۆزەركەن تۆنىنى -
تۆنگە ئوخشاش كۆنىنى.

3

بىر كۆن مۆنداق ئىش بوپتۇ،
كۆن قادىلىپ چۆش بوپتۇ.
تورۇستىكى قالغىچى -
ئۆنىڭ سۆيگەن ئادىشى،
ئۆگىسىدا پەم قىلماي،
خاتىرىنى جەم قىلماي،
«پوك» چۆشۆپتۇ داق يەرگە،
مەمەت چۆكۆپ سوغ تەرگە،
ئاستا ئاپتۇ قولىغا،
كۆزى چۆشۆپ پۆتىغا،

سۆزلەپ كەلسەڭ دەردى جىق،
گويا پەلەك جانغا زىق،
سانچىلار كەن يۈرەككە،
ئارام بەرمەي مەمەتكە.
يا ئۆيىدە كىگىز يوق،
تام تەشكىدەك بىگىز يوق،
قىپ يالىڭاچ باللىرى -
شۇ كەچكۈزنىڭ تاللىرى،
زارلايدىكەن ئاچلىقتىن،
باشقا كەلگەن خارلىقتىن.
كەڭ بولسىمۇ بۇ ئالەم،
پېقىر ئۈچۈن ھامانەم،
گويا قەپەز تار ئىكەن،
خورلۇق ئاڭا يار ئىكەن.
قاتتىق ئىكەن يوقسۇزلۇق،
دىلى دائىم قايغۇلۇق،
باشنى سىلىپ ئۈندىمەي،
چالار ئىكەن بەزەن نەي...

2

پەقەت ئۈنىڭ خۇشلىقى،
تورۇستىكى قالغىچى،
ھەر باھاردىن كۆزگىچە،
گەمىسىدە ئۆزگىچە،
سايرايدىكەن ۋىچىرلاپ،
بەزەن ئاستا پىچىرلاپ،

ئۈچۈپ كەپتۇ بىر قۇيۇن.
كۆرۈپ مەجرۇھ باغرىنى،
ئاستا ئېچىپ ئاغزىنى،
شۇنچە غەمكىن سايراپتۇ،
ھەسرەت چېكىپ زارلاپتۇ...
ئاگاھ بولۇپ ئەھۋالدىن،
كەلگەن بالا قازادىن،
«رەھمەت!» - دەپتۇ مەمەتكە،
«ياخشىلىقنىڭ ئەبەتكە،
بىكار كەتمەس ئەقىدەڭ،
رازى سەندىن سەخرەڭ.»
مەمەت دەپتۇ: «ئامان بول!
تېزراق ئۇچقىن كۈچكە تول...»
كۈنلەر ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ،
كۆك ئاسماندىن سۇ تۆكۈپ،
كەپتۇ ئاخىر غېرىپ كۈز،
غەمگە پېتىپ دالا - تۈز،
سەپەر قىپتۇ يېشىل ياز،
قۇشلار بىلەن ئۆردەك، غاز...
ئىسسىق ياققا يول ئاپتۇ،
دىلغا ھەسرەت - غەم ساپتۇ.
قالغاچلار خۇش بولۇپ،
كۈچ - غەيرەتكە راست تولۇپ،
ۋىدا ئېيتىپ مەمەتكە،
بۆلەپ ئۇنى رەھمەتكە،
يولغا بوپتۇ راۋان،
ئېشىپتۇ تاغۇ داۋان....

ناسلا قاپتۇ يېغلاشقا،
يۈرەك - باغرىن تىلغاچقا،
ئاشۇ بالا قالغاچنىڭ -
قاناتلىرى قىيغاچنىڭ،
شۇ ئوڭ پۇتى سۇنۇپتۇ،
مەمەت غەمگە تولۇپتۇ...
شۇنداق مەمەت ئاۋايلاپ،
سۇنغان پۇتنى راس باغلاپ:
«قالغاچجان - قالغاچ،
نېمە بولدۇڭ جان ئاداش،
جىمجىت ياتماي ئۇۋاڭدا،
ئىسسىق ئوت - چۆپ جۇۋاڭدا،
سۇندۇرۇپسەن پۇتۇڭنى،
ئاگلاپ سېنىڭ ئۈنۈڭنى؛
دىلىم بولدى بەك خەستە،
ساقا بولدى بەك تەس - تە!
ئەمدى ياتقىن ئۇۋاڭدا،
ئىسسىق ئوت - چۆپ جۇۋاڭدا،
ئاۋايلىغىن جىم ياتقىن،
سوغقا توكماي ھىم ياتقىن،
شىپا تاپسا مەيلىڭ،
خۇشدۇر مەمەت غېرىبىڭ.
يىگىلىڭ كەلسە يە بۇنى،
ئىچكىنىڭ كەلسە ئىچ سۇنى...»
دەپتۇ مەمەت دان بېرىپ،
مېھرى بىلەن جان بېرىپ.
ئانا قالغاچ كەچقۇرۇن،

ئىشلەر تىنىم تاپماستىن،
چەكمەن تېزدىن ئاشماستىن،
«بەخت» دەركەن ئاللاھقا ـ
شۇ ياراتقان پاناغا.

5

بىر كۈن قالغاچ ۋىچىرلاپ،
تۈگۈلىكىدىن غىپىلداپ،
كىرىپ كەپتۇ ئۆيىگە،
شادلىق قوشۇپ كۆيىگە.
شۇنداق باقسا قالغىچى ـ
شۇ سىغىنغان ئادىشى.
چىشلەپ ئۇرۇق تۇمشۇقتا،
«ئالغىن!» ـ دەپتۇ خۇشلۇقتا،
«ئالغىن!» ـ دەپتۇ ئۇرۇقنى،
«سەنمۇ كۆرگىن يورۇقنى.
ئادا قىلاي قەرزىمنى،
سەنمۇ كۆرگىن ئەجرىڭنى!»
دەپتۇ قالغاچ دان بېرىپ،
قاناتلىرىن بىر قېقىپ.
مەمەت كۆرسە بىر ئۇرۇق ـ
تاۋۇزنى دېنى خوپ تولۇق.
مۇنداق ئۇرۇق كۆرمىگەن،
شۇنچە نۇرلۇق، نىم دېگەن؟!
مەمەت دەپتۇ قالغاچقا،
قاناتلىرى ئالماچقا:

## 4

قار لەپىلدەپ ـ قار يېغىپ،
كەڭ دالىغا ئىز سېلىپ،
كەپتۇ سوغاق زېمىستان،
بىزنىڭ مەمەت ناتىۋان،
قار، شىۋىرغان باسقاندا،
تۈنلەر بىدار ياتقاندا،
ياد ئېتەركەن يازلارنى،
ئاققان دەريا سايلارنى،
قالغىنىنى ياد ئېتەر،
ئۆز كۆڭلىنى شاد ئېتەر.
شۇنداق كۈتۈپ باھارنى،
كەتكۈزۈپتۇ ئاق قارنى...
ئۇچۇپ ئۆتسە شوخ شامال،
قىرلار كۆلۈپ خۇش جامال،
ئاستا يۈزىن ئاچاركەن،
ھىدلىق پۇراق چاچاركەن.
لىباس كىيىپ رەڭمۇ رەڭ،
پۈتۈن ئەتراپ بىر گىلەم،
«كەلدىم!» ـ دەپتۇ ئەتىياز،
نەغمە ناۋا چېلىپ ساز،
شۇنداق مەمەت قوش تۇتۇپ،
ئېتىزلاردا تەر تۆكۈپ،
ئىشلەر باينىڭ يېرىگە،
شۇ ئەجرى يوق تېرىدە؛

ئاشۇ «تىرىك مېيىت» قا،
بەختى ئامەت بېقىپتۇ...
توقلۇق تۇرمۇش بېقىپتۇ...

6

كۆنلەر ئۆتۈپ كۆپ ئۆتمەي،
يېشىل ياپراق گۈل تۆكمەي،
باي ئاڭلاپتۇ بۇ ئىشنى،
ئويلاپ ھەردەم قىلمىشنى،
باي سوراپتۇ مەمەتتىن،
ئاشۇ ساددا يۈرەكتىن،
«باي بولغاننىڭ بائىزىن،
ئېيتقىن سۆزنىڭ جائىزىن!»
بىزنىڭ مەمەت بىرمۇ ـ بىر،
قىلغان ئىشقا قوشماي كىر،
قىپتۇ ئىشنىڭ بائىزىن،
قىپتۇ سۆزنىڭ جائىزىن.
«توختا!» دەپتۇ ئاچ كۆز باي،
كېچە ـ كۈندۈز ئوخلالماي،
ئىچى ئاداپ خۇن بولۇپ:
«ئاشۇ پېقىر مەن تۇرۇپ،
بار دۇنياغا ئېرىشسە،
يوقسۇل بىغەم كۈلۈشسە،
قانداق يۈرەي باش تۇتۇپ،
كۆزلىرىمگە ياش تۇتۇپ؟!
نەدە كۆرگەن پېقىرنىڭ،

«رەھمەت ساڭا، قالغىچىم،
چىن ۋاپادار ئادىشىم،
چۈنەك تارتىپ دان ئىكەي،
پىشانەمدىن بىر كۆرەي.
مەمەت ئىلىپ ئورۇقنى،
ئىچىپ كەڭ بىر قورۇقنى،
شۇ ئورۇقنى تىكىپتۇ،
ئاي كۈننى كۈتۈپتۇ...
كۈنلەر ئۆتۈپ كۈن كەپتۇ،
مەمەت بىر كۈن سەپ سېپتۇ،
يوغان تاۋۇز تۇرغانمىش،
ئاستا چېكىپ ئۇرغانمىش،
«پوك - پوك» ئېتىپ ئۈنلەپتۇ...
«ۋاقتىم يەتتى، يە!» - دەپتۇ.
مەمەت سىلىپ داستىخان،
بالا - چاقا شادىمان،
«بىسمىللاھ!» - دەپ شۇ مەمەت،
«پاناھىمغا مىڭ رەھمەت!»
شۇ تاۋۇزنى تىلىپتۇ،
ھەممە ھەيران جىمىپتۇ...
«قاراس» قىلىپ ئېتىلىپ،
ئالتۇن - گەۋھەر چېچىلىپ،
دوگا بولۇپ داستىخاندا،
تاغ - تاغ بولۇپ تۇرغانمىش،
ھەممە خەندە ئۇرغانمىش،
ئۆز بەختىدىن شۇ ئاندا.
شۇندىن باشلاپ غىرىپقا -

قاراپ بالا قالغاچقا ـ
قاناتلىرى قىيغاچقا،
ئۇ بىر مۇنداق سۆز دەپتۇ،
مەسۇم دىلغا داغ ساپتۇ:
«قالىغاچ جان ـ قالغاچ،
نىمە بولدۇڭ ھەي ئاداش!
جىمجىت ياتماي ئۇگاڭدا،
ئىسسىق ئوت ـ چۆپ جۇگاڭدا،
سۇندۇرۇپسەن پۇتۇڭنى،
كۆرەر بولدۇڭ كۈنۈڭنى.
پۇتلىرىڭنى مەن باغلاي،
شۇ «رەھىمنى» ئۇنۇتماي،
ماڭا شادلىق، بەخت بەر،
ئېگىز راۋاق تەخت بەر!
ئۆتۈپ كېتەي مەمەتتىن ـ
كۆزگە چۈشكەن ئەخلەتتىن.»
بالىسىنى قالغاچنىڭ،
قاناتلىرى ئالماچنىڭ،
ئۇگىسىغا تاشلاپتۇ،
ئەزىز جانىنى خارلاپتۇ،
ئانا قالغاچ كەچقۇرۇن،
ئۇچۇپ كەپتۇ بىر قويۇن،
كۆرۈپ مەجرۇھ باغرىنى،
ئاستا ئېچىپ ئاغزىنى،
شۇنچە غەمكىن سايراپتۇ،
ھەسرەت چېكىپ زارلاپتۇ...
ئاگاھ بولۇپ بار ئىشتىن،

شورلۇق يېتىم - يېسىرنىڭ،
بەختى گۈللەپ كۈلگەننى،
ئۆتكۈزمەستىن شۇ دەمنى،
ئۆتۈپ كېتەي مەمەتتىن -
كۆزگە چۈشكەن ئەخلەتتىن!»
ئاچكۆز بېيىم ئالدىراپ،
ھەر قەدەمدە بىر توۋلاپ،
بۇيرۇق قىلىپ مالايغا،
ئۇگا ساپتۇ سارايغا...
تۇتۇپ كېلىپ قالغاچنى،
قاناتلىرى ئالماچنى،
قاراپ ياتار تۇنى كۈن،
قالغاچتىن يوق بىر ئۈن.
يا ئۇگىدىن يېقىلماس،
باينىڭ كۆڭلى ئېچىلماس.
باي ئويلىنىپ بىر ئىشنى،
قولغا ئاپتۇ چىۋىقنى...
بالىسىنى قالغاچنىڭ –
قاناتلىرى ئالماچنىڭ،
ئاتتى يەرگە بېقىنلاپ،
كەتتى ئىخ جان تىپىرلاپ.
ئاشۇ بالا قالغاچنىڭ،
قاناتلىرى ئالماچنىڭ،
شۇ سول پۇتى سۇنۇپتۇ،
دىلى غەمگە تولۇپتۇ...
ئاچكۆز بېيىم ئالدىراپ،
ئۇندىن - بۇندىن بىر باغلاپ،

قالغاچ بايغا بىر قاراپ،
قاناتلىرىنى شوخ تاراپ:
«ئالغىن! يەتكىن مۇراتقا،
قىينالمىغىن ئازابتا...»
دەپتۇ قالغاچ دان بېرىپ،
قاناتلىرىنى بىر قېقىپ.
بېيىم ئېلىپ ئۇرۇقنى،
ئېچىپ كەڭ بىر قورۇقنى،
شۇ ئۇرۇقنى تىكىپتۇ،
ئاي كۈننى كۈتۈپتۇ.
كۈنلەر ئۆتۈپ كۈن كەپتۇ،
بېيىم بىر كۈن سەپ سېلىپتۇ:
تاۋۇز تۇرار پاقىراپ،
ئاچكۆز بېيىم ئالدىراپ،
بۇيرۇق قىلىپ مالايغا،
داستىخان سېلىپتۇ سارايغا.
ئىشكىنى چىڭ ئېتىپ،
ئۇشبۇ ئىشنى سىر قىلىپ،
شۇ تاۋۇزنى تىلىپتۇ،
ئۆزى ھەيران جىمىپتۇ...
ئالتۇن ئەمەس بىر بالا...
ئىلان، چايان، يا خۇدا،
باي ئۆينى بېسىپتۇ،
باي نەپسىگە قېنىپتۇ...
دولان ئېلى شۇ كۈنى،
كۆزنىڭ ئىللىق بىر تۈنى،
قۇتۇلغاچقا بالادىن،

بىزار بولۇپ شۇ ئىتتىن،
«تەرگىنىڭنى ئۇرارسەن»،
سەنمۇ بىر كۈن كۆرەرسەن!
دەپتۇ قالغاچ غەزەپتە،
كۈن ئۆتۈپتۇ ھەسرەتتە...
كۈزمۇ كەپتۇ ئاز قالماي،
ئاچكۆزلۈكتە قانخور باي،
ئۈزۈتۈپتۇ قالغاچنى.
قاناتلىرى ئالماچنى.
«باربكالالاھ!» - دەپ پەمگە،
قىشتا يۈرۈپ بەزمىدە،
كۈتۈپ ئاپتۇ باھارنى،
كەتكۈزۈپتۇ ئاق - قارنى...

7

بىر كۈن كەپتۇ قالغىچى -
شۇنچە كۈتكەن ئارمىنى.
تۇمشىغىدا دان كۆرۈپ،
قەھ - قەھ ئۇرۇپ شاد كۈلۈپ،
دەپتۇ بېيىم ئالدىراپ،
تويماس نەپسى تاقىلداپ:
«بەرگىن تېزراق شۇ داننى،
قىينىماستىن بۇ جاننى.
تېرەي چۈشسۈن تاۋۇزۇم،
قانسۇن مېنىڭ ئارزۇيۇم،
ئۆتۈپ كېتەي مەمەتتىن،
كۆزگە چۈشكەن ئەخلەتتىن!»

ئاچلىق، خورلۇق، قازادىن،
ئاش تارتىپتۇ توي قىلىپ،
ئۆز كۆڭلىنى شاد قىلىپ.
ئاشۇ تويدا ـ سورۇندا،
ئادەم تولا گەۋجۇمدا،
بار ئىكەندۇق بىر دانا،
ئەقلى راسا پىر دانا،
ئۆتكەن ئىشنى ئويلىنىپ،
دەپتۇ ئاستا ئو تۇرۇپ:
«ئاگلا، ـ دەپتۇ خالايىق!
سۆزۈم ھەق يا نالايىق،
تەرگىنىگنى ئورايسەن،
دوستقا قىلما يامانلىق.
كۆپ ئىشلارنى كۆرسەن،
ئۆلمىگىنىڭ دولانلىق!»

1971 - يىل قىش، غۇلجا ئوبلاست تۈرمىسى

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : ئا.قاسىم

ۋەتىنىم ئىشقىدا ياڭغان بىر شامەن،
جىسمىدا ئۇرغۇغان بىر تامچە قانمەن،
خىزمىتىم تېگىلمۇ، بىلمەيمەن لېكىن،
ۋەتەننىڭ گاداسى - بىر خەستە جانمەن.

ئەل - ۋەتەن ئىشقىدا بىر ئۆمۈر كۆيەي،
ۋاپاسىز دۇنيانىڭ دوزىخىدىن كۆرەي،
روھىمنى - جىسمىمنى ۋەتەندىن ئىزلە،
غېرىب بوپ چەتلەردە مەيلى مەن ئۆلەي.

هاياتلىق ھەم ئۇزۇن ھەم قىسقا ھامان،
ئاستىلاپ كەتمەكتە جىسمىدىن دەرمان،
زارىقىپ، تەشنا بوپ ئۆمۈرلەر ئۆتتى،
ۋەتەننىڭ تېگىنى كۆرسەم نە ئارمان؟

نەشرىياتنىڭ تور ئادرىسى: w.uygurlar.ne
ئېلېكترونلۇق خەت ئادرېسى : aturan2003@yahoo.com